ئابلىز ئۆمەر

# ھايات ھېلىسى

مىللەتلەر نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# ھايات ھېسلىرى



ئابلىز ئۆمەر

# ھايات ھېسلىرى

مىللەتلەر نەشرىياتى



www.uyghurkitap.com

图书在版编目（CIP）数据

生活的浪花：维吾尔文/阿布力孜·乌买尔著．—北京：民族出版社，2000.12

ISBN 7－105－04158－7

Ⅰ．生… Ⅱ．阿… Ⅲ．诗歌－作品集－中国－当代－维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ．I227

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2000）第 57210 号

责任编辑：伊明
责任校对：尼加提
封面设计：刘家峰
出版发行：民族出版社　电话：010—64290862
社　　址：北京市和平里北街 14 号　邮编：100013
印　　刷：迪鑫印刷厂
经　　销：各地新华书店
版　　次：2000 年 12 月第 1 版　2000 年 12 月北京第 1 次印刷
开　　本：850×1168 毫米　1/32
印　　张：7．375
印　　数：0001—3000 册
定　　价：8．80 元



شائىر ئابلىز ئۆمەر ئىجادىيەت ئۈستىدە



www.uyghurkitap.com

# نەشرىياتتىن

شائىر ۋە ژۇرنالىست ئابلىز ئۆمەر 1943-يىل 11-ئايدا قەشقەر شەھىرى ئەتراپىدىكى قوغان يېزىسىدا تۇغۇلغان. ئۇ، 1950-يىلدىن 1959-يىلغىچە باشلانغۇچ، تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە، كېيىنچە، شىنجاڭ رادىئو پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ۋە قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتوتىنىڭ تىل فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان ۋە بىلىم ئاشۇرغان. ئابلىز ئۆمەر 1959-يىلدىن 1990-يىلغىچە «قەشقەر گېزىتى» ئىدارىسىدا مۇھەررىر، تەھرىر بۆلۈم مۇدىرى، مۇئاۋىن باش مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. ھازىر قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، نەشرىيات باشلىقى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

ئابلىز ئۆمەر 1958-يىلى «شىنجاڭ گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان «لەگلەك» ناملىق شېئىرى ۋە سابىق «شىنجاڭ پېئونېرلىرى» گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان «سوۋغا» ناملىق ھېكايەسى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ كەلگەن. شۇندىن بۇيان ئۇنىڭ نۇرغۇنلىغان شېئىر-داستانلىرى، ھېكايە-ئوچېركلىرى، ئوبزور ۋە نەزەرىيىۋى ماقالىلىرى ھەر دەرىجىلىك مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنىپ، ئامما بىلەن يۈز كۆرۈشتى. بىر

قىسىم ئەسەرلىرى «باھار چېچەكلىرى» ، «قەشقەر ناخشىلى-رى» ، «تەنتەنە» ، «ۋەتەنگە مەدھىيە» ، «قەشقەر ناۋاسى» ، «تۇمەن دەرياسى» ، «قەشقەردە توي» ، «يېڭى رۇبائىيلار» ، «قوياش قەسىدىسى» ، «ياپراقتىكى نەقىشلەر» ، «توي چاچقۇ-سى» قاتارلىق توپلاملارغا كىرگۈزۈلدى، «ئۆمۈر ئىزلىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى، «ۋاپادارلىق كۈيى» ناملىق ئەدەبىي ئاخباراتلار توپلىمى نەشر قىلىندى، ئابلىز ئۆمەرنىڭ بەزى ئەسەرلىرى ھەرخىل مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى ۋە باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلىندى. ئۇنىڭ تەرجىمىھالى «جۇڭگودىكى مەشھۇر تەھرىر—مۇخبىرلار قامۇسى» ، «جۇڭگو بۈگۈنكى زامان مەش-ھۇر ئەدىبلەر لۇغىتى» ، «جۇڭگو بۈگۈنكى زامان مەشھۇر سەن-ئەتكارلار لۇغىتى» قاتارلىقلارغا كىرگۈزۈلدى ھەمدە ئىش ئىز-لىرى گېزىت-ژۇرنال، رادىئو-تېلېۋىزىيىلەردە تونۇشتۇرۇلدى.

ئابلىز ئۆمەر 1987-يىلى كاندىدات ئالىي مۇھەررىرلىك، 1999-يىلى ئالىي مۇھەررىرلىك ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. ئۇ، ھازىر جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ، جۇڭگو نەشرىياتچىلار جەمئىيىتى مىللىي نەشرىياتچىلىق كومى-تېتىنىڭ ۋە شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، قەش-قەر «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ۋە قەشقەر يازغۇ-چىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

## ھىجران يېمىشلىرى


ياغقىن، يامغۇر ............ (2)
بىر تال قىزىل يىپ ............ (2)
غەيرىتىڭگە تەسەددۇق! ............ (3)
ئېتىز قىزى—مايسىگۈل ............ (4)
ۋەتەن بۆيرۈقى ............ (6)
يېشمىنى سورساڭ ............ (8)
ئانا ھۆرمىتى ............ (11)
ئۆڭمەس گۈل ............ (12)
ئومىلىقتا ............ (13)
جىڭگاڭشەن يالقۇنى ............ (15)
جەڭچى قۇدرىتى ............ (17)
قەھرىمانلار ئانىسى—ۋەتىنىم ............ (18)
دان ............ (20)
باھار سۈيى ............ (21)
بەخت قۇياشىغا ............ (23)
تاڭ ئاتقىچە ئۆچمىگەن چىراغ ............ (25)
بەختىيار ھايات ............ (27)

قوش سۈرەت .................... (28)
شان ۋە شەرەپ .................... (29)
بەخت قوشىقى .................... (30)
كۆمۈر كۆيگەندە .................... (32)
سۇ .................... (33)
ئاق ئالتۇن ئىشقى .................... (34)
پامىر يايلىقى .................... (36)
ۋەتەن مۇھەببىتى .................... (38)
بۇلۇت سۆرەپ .................... (42)
قىمىز بىلەن قايماقكەن .................... (43)
باھار ناخشىسى .................... (44)
ئوما چاغلىرى (چاتما) .................... (46)
تاغىل تاغار .................... (52)
شېئىر بىلەن يېزىلغان مەكتۇپ .................... (53)
بەختىم .................... (55)
سۆيگۈم .................... (56)
جىڭگاڭشەن روھى نۇر چاچار پارلاق .................... (56)
بەختىم .................... (58)
يىللار سىرى .................... (60)
لياڭشەن دالىسى .................... (62)
كوچا سۈپۈرگۈچى قىز .................... (64)
نورۇز بۇلاق بويىدا .................... (66)
يېڭى يىل شارابى .................... (67)
ئۆمۈر ئىزلىرىم .................... (69)
ئەلۋىدا، باغۋەن .................... (71)

www.uyghurkitap.com

كۆچەت ۋە باغۋەن .................................... (73)
باھار پەسلى .................................... (74)
بال يېدىم .................................... (75)
ئىزنىڭ ئۆچمەيدۇ .................................... (77)
شېئىرلىرىڭنى كۆرەي، ئەمما. . . .................... (79)
قەبرە بېشىدا .................................... (80)
بىر شائىرنىڭ ھەسرىتى .................................... (84)
بۆرىنىڭ پەيلى .................................... (84)
ئانام-ئانام .................................... (86)
ۋەتەن سۈرىتى .................................... (88)
بايرام كۈنى .................................... (90)
بىر قېتىم. . . .................................... (93)
ئانىسىنى يۇدۇۋاپتۇ ئۇ .................................... (94)
گۈلدەستىگە گۈلدەستە .................................... (95)
گۈزەللىك ئىلاھى .................................... (97)
ھىجران يېمىشلىرى (چاتما) .................................... (98)
گۈل .................................... (107)
تەبرىكنامە .................................... (107)
ئۈزۈلمەس سۆيگۈ .................................... (111)
ۋاپادارلىق .................................... (111)
بۇرۇن يېزىلغان ئاخىرقى سۆز .................................... (113)
مەنسەپدارنىڭ ئۆلۈمى .................................... (115)
مەغرىبكە سەپەر (چاتما) .................................... (116)
سۈندۈكنىڭ تەقدىرى (چۆچەك) .................................... (129)
تېۋىپنىڭ ئوغلى (چۆچەك) .................................... (135)

## سەبىيلەر قەلبىدىن

ئارزۇيۇم .............................................. (160)
لەگلەك .................................................. (161)
ئايغا مېھمان بولىمەن .................................. (162)
ئانا ئارزۇسى ............................................. (163)
ئوغلۇم ئارزۇسى .......................................... (164)
بەختى پارلاق پىئونېر .................................. (166)
يورۇق دوستلار مەكتەپكە (چاتما) ..................... (169)
بەشيۇلتۇز ................................................ (172)
تەتىل تەسىراتلىرى (چاتما) .......................... (173)
ئېلىيارجاننىڭ تىلىكى ................................ (179)
نەۋرە قىزىم ............................................. (181)
ھەر ئىشنىڭ ئۆز ئېپى بار .............................. (182)

## ياڭراق ناخشىلار

تېرىمچى قىز ناخشىسى ................................... (187)
ئۆستەڭ چاپتىم سېنى دەپ ................................ (188)
گۈلباغ بىزنىڭ يېزىمىز ................................. (189)
پارتىيە ھەققىدە ناخشا ................................ (191)
قولۇڭ گۈلمۇ، ئالتۇنمۇ؟ ................................ (192)
يېزا قىزى—روشەنگۈل ................................... (193)

يېزىمىز گۈزەل ........................ (194)
كەلگىن يارىم يېزىغا ........................ (195)
كاككۇك بالدۇر كەلسەڭچۇ ........................ (196)
توي قىلىمىز كۈزدىن كېيىن ........................ (197)
مەيلىم مېنىڭ ئىشچانغا ........................ (198)
تەنتەنە ........................ (199)
ۋەتىنىم—ئىپتىخارىم ........................ (200)
ئانا قەدرى ........................ (201)
ھىجران ناخشىسى ........................ (202)
بەخت يولى ........................ (203)
يەڭدۇق ئېغىر ئاپەتنى ........................ (204)
يالداما ........................ (209)
بەختىم—ئانام ........................ (210)
پۇلنى نەگە ئىشلەتتىڭ ........................ (211)
بەزىلەر. . . ........................ (212)
چۆل باتۇرى ........................ (213)
ئاۋمىن ئەمدى ۋەتەن قوينىدا ........................ (214)
تاشيولچى مېنىڭ يارىم ........................ (215)
پويىز كەلدى قەشقەرگە ........................ (216)

## رۇبائىيلار

رۇبائىيلار ........................ (219)



www.uyghurkitap.com

# هجران يېمىشلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ياغقىن، يامغۇر

ياغقىن يامغۇر، ياغ يامغۇر،
يەر يۈزىنى ھۆل قىلىپ.
مەنمۇ ياغاي دىللارغا،
ئىلھامىمدىن گۈل تېرىپ.

قانچە ياغسا قۇرۇپ كېتەر،
ئاسمان يېشى—يامغۇرى.
قۇرىماس يۇمران ئىجادىم،
يىل بويى—ئەسىر بويى.

1957-يىل 3-ئاي، قەشقەر.

# بىر تال قىزىل يىپ

تۈنۈگۈن ئېشىلگەن شۇنچە پىششىق يىپ،
ئەتىسى قارىسام ئۈزۈلگەن تامام؛
ئاي ئۆتسە ئارقاننىڭ تۈگەيدۇ كۈچى،
بۇ ھال قايتىلاپ قىلىدۇ داۋام.

گەز كەلسە پولات سىم بولىدۇ پارە،
كۈچ بىلەن ئۆرۈلگان بولقا زەربىدىن. . .
دۇنيادا ئۈزۈلمەس نەرسە بارمىدى،
دەپ سوئال سورىدى دوستۇم مېنىڭدىن.

”ئەل-ۋەتەن مېھرى—بىر تال قىزىل يىپ،
ھەر يۈرەك بېغىغا چىگىلگەن مەھكەم!
بۇ يىپنى ئۈزەلمەس تاغنىڭ سالمىقى،
بۇ يىپنى كېسەلمەس ئۆتكۈر قايچا ھەم!“

1958-يىل 7-ئاي، قەشقەر.

# غەيرىتىڭگە تەسەددۇق!

—سۇ قۇرۇلۇش سېپىدىكى پالۋانلارغا

كەتمەن چاپساڭ يەر تىترەيدۇ لاغىلداپ،
غەيرىتىڭگە بېرەلمەستىن بەرداشلىق.
ھەيۋەت تاغلار باش ئېگىدۇ تازىملاپ،
قۇچاق ئېچىپ قىلىپ ساڭا ياۋاشلىق.

كۈچ-قۇدرىتىڭ شۇنچە ئۇستۇن، سېنىڭكى،
ھەرنە مۇشكۇل بەربات بولۇر بولۇڭدا.

گىيا ئۇنمەس تاقىر ساينىڭ، چۆلنىڭكى،
ئۆزگەرمەكتە قىياپىتى قولۇڭدا.

ئۇر كەتمەننى يەر باغرىغا كۈچ بىلەن،
غەيرىتىڭنىڭ ئاتلىرىغا سال قامچا.
ئويلىغىنا، ئىتىز ئاشقا تولامدۇ؟
زىرائەتلەر سۇغا ئوبدان قانمىسا؟!...

1958-يىل 11-ئاي، قەشقەر.

## ئىتىز قىزى — مايسىگۈل

كەڭ ئىتىزلىق ئىچىدە،
تۇرار خۇش خۇي مايسىگۈل.
ئىتىزلىقتا ياراشقان،
مەڭزى ئانار، ئۆزى گۈل.

مايسىلاردەك تولغۇنۇپ،
ئوت ئوتايدۇ زوق بىلەن؛
جاندەك سۆيۈپ مايسىنى،
پەرۋىش قىلىپ يەم بىلەن.

يالتىرايدۇ بەلچىسى،
كۈن نۇرىدا يالىلداپ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

يۇرىكىدە ئەمگەكنىڭ،
ئوت يالقۇنى يېلىنجاپ.

كۆرۈپ ئۇنى ئېتىزدا،
شەيەق بولۇپ قىزاردىم.
ئاتتىم ئىشقا ئۆزۈمنى،
بەسلىششكە سۆز بەردىم:

”ئېتىز قىزى مايسگۈل،
تالماس ئىكەن بىلىكىڭ.
ئىشتا پىشىش سېنىڭدەك،
مېنىڭ ئارزۇ-تىلىكىم.

ياۋا ئوت-چۆپ زىيانداش،
زىرائەتنىڭ دۈشمىنى.
يەڭنى تۈردۈم شىمايلاپ،
سېنى ئىشتا يەڭگىلى. . . !“

دېگەن ئىدىم ئۇنىڭغا،
كۈلۈپ كەتتى ۋىلىقلاپ.
شادلىق ئوييناپ يۈزىدە
بۇلاق كۆزى جىمىرلاپ:

”بېلىڭىزنى چىڭ باغلاڭ،
مېنىڭ بىلەن بەس-بەسكە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئەللەي ئېتىپ چولپاننى،
جاننى تىكىپ ئىشلەشكە.“

دېدى كەسكىن سۆزىنى،
بەسلىششكە بېرىپ قول؛
”قالسام ئەگەر ئارقىدا،
بولماي قالاي مايسىگۈل!“

1959-يىل 4-ئاي، قەشقەر.

## ۋەتەن بويرۇقى*

بۈگۈن مانا ئوقۇشۇمنى پۈتكۈزدۈم،
شۈكرى ئۈزۈپ ئىلىم-پەننىڭ كۆلىدە.
كومپارتىيە تۇتمىغاندا قولۇمدىن،
مەن يۈرەتتىم تەشنالىقنىڭ چۆلىدە.

دەۋرىم مېنى تەربىيلىدى، چوڭ قىلدى،
بىلىمگەننى ئىخلاس بىلەن بىلدۈرۈپ.
قەلبىمدىكى نادانلىقنى ئېرىتتى،
ئەقىل-ئىدراك دەرياسىغا چۆمدۈرۈپ.

* بۇ شېئىر ئانا مەكتىپىم—قەشقەر ئۇيغۇر تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىنى پۈتتۈرۈش مۇناسىۋىتى بىلەن يېزىلغان

تەشەككۇران كۆزلىرىمدە باقىمەن،
ۋەتەن ماڭا شۇنچە ئېزىز، قەدىردان.
ۋەتەن مېھرى ئۆركەشلىگەن بىر دېڭىز،
ئۇنىڭ ئۇچۇن پىدا ۋەسلىم، پىدا جان.

بۈيرۈ ۋەتەن، بۈيرۈقۇڭنى كۈتىمەن،
قانۇن ماڭا ۋەتىنىمنىڭ بۈيرۈقى.
دىل قېنىمدا چېچەكلىدى، ئاينىدى،
ئۇلۇغ ئارزۇ-تىلەكلەرنىڭ ئۇرۇقى.

مەن بارىمەن خۇشاللىنىپ، شادلىنىپ،
سەن بۈيرۈساڭ مىسلى بوستان يېزىغا.
ئىستىكىم شۇ: ئۆگىنىپ مەن ئاممىدىن،
ئوخشىسام مەرد دېھقان ئوغۇل-قىزىغا.

گىيا ئۇنمەس چۆل-جەزىرە، تاغلارغا
گۈللىنىشنىڭ گۈللىرىنى تاقاي مەن.
ئۇخلاپ ياتقان بوزلۇقلاردىن ئاش ئېلىپ،
غەلىبە-ئۇتۇق دەرياسىدا ئاقاي مەن!

بارغىن دېسەڭ زاۋۇتلارغا، كانلارغا،
پولات ئۇچۇن جەڭ قىزىتىپ ھارمايمەن.
پەلەكلەردە جۇش ئۇرىدۇ غەيرىتىم،
ئىلغارلىقنىڭ سەھنىسىدە يايرايمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۈيۈك ۋەتەن، بۈيۈكلۈك بەرگەن چاپسانلاق!
قۇياش ئوخشاش يانار يالقۇن ۋۇجۇدۇم.
سەن ئانامسەن، ئاق سۈت بېرىپ ئۆستۈرگەن،
ئىپتىخارىم،
شان-شۆھرىتىم،
غۇرۇرۇم!

*　*　*

بۈيۈك ۋەتەن، بۈيۈكلۈكنى كۆتىمەن،
قانۇن ماڭا ۋەتىنىمنىڭ بۈيۈكلۈكى.
بىر ساڭىلا بېغىشلانغان ئوغلۇڭنىڭ،
يۈرەك-قەلبى،
مۇھەببىتى،
بارلىقى! . . .

1959-يىل 7-ئاي، قەشقەر.

## يېشىمنى سورىساڭ. . .

ئادىتىچە قىزىم ئايشەم شوخلۇنۇپ،
تايچاق كەبى چېپىپ كەلدى ئالدىمغا.
قۇچاق ئېچىپ ئاتتى ماڭا ئۆزىنى،
باغ-باغ ئېتىپ، گىرە سېلىپ بوينۇمغا.

ياش غۇنچىنىڭ كۆڭلى ئىدى بىغۇبار،
خۇشاللىقى ئاشقان ئىدى شۇ دەمدە.

ئاتا مېھرى— مۇھەببىتىم شۇرقىراپ،
ئۆركەش ياساپ ئاقتى يۈرەك-قەلبىمدە.

بۇدرۇق قولى مېھرى بىلەن شۇ تاپتا،
چىلىڭ تۇتاتتى قۇلىقىمنىڭ ئۇچىدىن.
يۇزلىرىمگە سۆيۈپ شېكەر تۆكەتتى،
جىنەستىدەك قىزىل، يۇمران لېۋىدىن.

قىلىقلىرى يۆتكەلدى-دە، باشقىغا،
تۇتاملىدى ئاق سانجىلغان ساقالنى.
”قويغىن بالام“ دېدىم ئاڭا يالۋۇرۇپ،
قۇتۇلۇشقا ئىزدەپ چارە-ئامالنى.

ئويۇن تۈگەپ جىم بولغانتۇق دەقىقە،
قىزىق سوئال ئاڭلاپ قالدىم قىزىمدىن.
”دادا، — دېدى ساقىلىمنى كۆرسىتىپ،
ياش پەرقىڭىز قانچە ئۇشۇق مېنىڭدىن؟“

”قانداقچىگە ئۇشۇق بولسۇن جىگىرىم
مېنىڭ يېشىم سىز غۇنچىدىن، قوزامدىن؟“
كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ تاڭ قالدى،
گۇدەك قىزىم بۇ غەلىتە جاۋابتىن.

”دادامغۇسىز، قىزىڭىز مەن سىزنىڭكى،
نېمە ئۇچۇن تەڭ بولىدۇ يېشىمىز؟

بوي تۆرقىڭىز شاھىد بولۇپ تۇرمامدۇ
قانداق گەپ بۇ، ئايلاندىمۇ بېشىڭىز؟“

”يۈرەك پارەم، رەنجىمىگىن داداڭدىن،
ئۆتمۈشۈمنى قاتمىدىم مەن يېشىمغا.
لايىقا سۆدەك ئۆتۈپ گۈزەل ياشلىقىم،
قىرو چۈشكەن مېنىڭ مۇشۇ بېشىمغا.

.

ساقىلىمۇ يىلىنىڭ ماڭا سوۋغىسى،
بەل مۈكچەيتىپ ھاسا بەردى قولۇمغا.
كۆز ياشلىرىم دەريا-دېڭىز ياسايدۇ،
بىر قايرىلىپ باقسام ماڭغان يولۇمغا.

بولدى قوياي، سۆزلىمەي شۇ ئۆتمۈشنى،
چېكىش چېكىپ قويماي مەسۇم كۆڭلۈڭغا.
كومپارتىيەم ئاچقىنىدا بەختىمنى،
ئايلاندىمەن ئازاد زامان ئوغلىغا.

سېنىڭ بىلەن ئۆكتەبىردە مەنمۇ ھەم،
ھايات ئۈچۈن يېڭىۋاشتىن تۇغۇلغان.
يۈرەكتىكى قارا داغلار يۇيۇلۇپ،
بەختىم گۈلى پورەكلىگەن، ئېچىلغان.

ياش سورىساڭ قىزىم ئەگەر مېنىڭدىن،
يۈرىكىمگە نەقىش قىلىپ تىزىقلىق.

”بۈگۈن ئۇن“ دەپ جاۋابىم نەق ھەرقاچان،
كالىندارغا ئېنىق قىلىپ يېزىقلىق.“

1959-يىل 10-ئاي، قەشقەر.

## ئانا ھۆرمىتى

”ئانا!“ دېسەم سېنىڭ ئۇتلۇق مېھرىڭدىن،
نەقىش چېكىلەر دىل بېتىمگە قەۋەتلەپ.
قاي يۈرەكنىڭ تاشماس ساڭا سۆيگۈسى،
قايسى يۈرەك سوقماس سېنى قەدىرلەپ.

مۇھەببىتىڭ، مېھرىڭ چەكسىز سېنىڭكى،
مىسال قىلسام كەڭ ئۇپۇققا بىر تۇتاش.
ئانىسى سەن باتۇر ئوغۇل-قىزنىڭكى،
”ئانا“ سۆزى ”مەرد“ سۆزىگە مەنىداش.

قايسى ئەجداد تەلىم ئالماي سېنىڭدىن،
چوڭ بولۇپتۇ يەر يۈزىگە تۆرۈلۈپ؟!
قايسى پەرھات قۇۋۋەت تاپماي سۈتۈڭدىن،
نام تېپىپتۇ كۆزگە تاغدەك كۆرۈنۈپ؟!...

ھەممىسىدە سېنىڭ تەرىڭ-ئەجرىڭ بار،
پايانى يوق دېڭىز ئۇنىڭ تامچىسى.

سەن ئۆستۈرگەن شائىرنىڭ بار، كۆيچىسى بار،
ھۆرمىتىڭنىڭ نەقىشچىسى-گۈلچىسى.

*　*　*

مۇھەببىتىنىڭ، مېھرىڭ چەكسىز سىنىڭكى،
دېڭىز بىلەن كەڭ ئۆپۆقتا بىر تۇتاش.
ئانىسى سەن باتۇر ئوغۇل-قىزنىڭكى،
"ئانا" سۆزى ئۆچمەس يالقۇن، بىر قۇياش.

1960-يىل 3-ئاي، قەشقەر.

## ئۆچمەس گۈل

گۈلگە ئامراق سەنمۇ مېنىڭدەك،
ياشلىق ئوتۇڭ يانار يالقۇنجاپ.
تاڭ سەھەردە كۈلگەن غۇنچىدىن،
قىسىپ ھەرگىز تويمايسەن خىللاپ.

گۈل ئىشقىدا كۆيىدۇ قەلبىڭ،
تولۇپ پەۋەس ئارزۇ-ھەۋەسكە.
ئايرىلمايسەن قىزىل گۈلۈڭدىن،
بىر مىنۇتقا، ھەتتا نەپەسكە.

شۇدەم ئالدىڭ رەڭدار يىپەكتىن،
بويۇڭغا ماس يېڭى كىيىملىك.

باھار ئوخشاش ئۈنىڭ گۈللىرى،
ياشلىق ھەردەم خالار گۈزەللىك.

دېدىڭ ماڭا: — ئۆگىمىسە ئىدى،
كۆڭلىكىمنىڭ ئانار رەڭ گۈلى.
— ئۆگەس جېنىم چەككەچكە ئۈنى،
ئىشچى قىزنىڭ گۆھەردەك قولى.

1960-يىل 5-ئاي، پەيزىۋات.

# ئومىلىقتا

قىزىپ كەتكەن ئاجايىپ،
يېزىمىزنىڭ ئومىسى.
كۈن نۇرىدا چاقنايدۇ،
ئوغاقلارنىڭ گاڭ بىسى.

چىرتىپ يۈرەك تارىنى،
جاراڭلايدۇ ناخشىلار.
ئىشقا قىزغىن تېگىشكەن،
باھادىرلار، ياخشىلار.

شۇنداق تومۇز كۈنلىرى،
چىقسام ئېتىز بېشىغا.

ئۆزۈپ كەتتى بىر يىگىت،
ھەيران قالدىم ئىشىغا.

قول-قولىغا تەگمەيدۇ،
كېتىپ بارار سول يېرىپ.
پاك-پاكىزە ئورىدۇ،
ئەتراپىغا تەك بېقىپ.

يىگىت قويۇپ ئوغاقنى،
ياغلىق ئالدى يېنىدىن.
ئالمان-تالمان ئالدىراش،
تەرنى ئېرتتى بېشىدىن.

—ئىشچان يىگىت ئېيتىڭا،
ئۆي-جايىڭىز قەيەردىن؟
نىمانچىلا ئىشلەيسىز،
ئالدىدا ئۆزۈپ ھەممىدىن؟

لەۋلىرىگە يىگىتنىڭ،
گۈل چېكىلدى كۈلكىدىن:
—مېنىڭ ئەسلىم چاڭجياڭلىق
جياڭسۇ دېگەن ئۆلكىدىن.

گۈللەش ئۇچۇن شىنجاڭنى،
كەلدىم گۈزەل ئېپىڭدىن.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ياشلىقىمنى ئاتىدىم،
ۋەتەنگە چىن دىلىمدىن.

يىگىت ماڭدى سولىغا،
بوغداي ئورۇپ شارتىلداپ.
جوشقۇنلىغان دەريادەك،
مېھرىم ئاقتى شارقىراپ. . .

1960-يىل 7-ئاي، پەيزىۋات.

# جىڭگاڭشەن يالقۇنى

ئالقىشىم چوقاڭدىن بالقىدى ئېگىز،
يۈرىكىم قىزىقى ئېرىتەر تاشنى.
سىنىڭدىن تارالغان قىپقىزىل نۇرلار،
قۇرۇتتى كۆزدىكى ھەسرەتلىك ياشنى.

*          *          *

جىڭگاڭشەن،
جىڭگاڭشەن،
مۇقەددەس دىيار،
كۈرەشچان ھاياتنىڭ ئوتلۇق بۆشۈكى.
سىنىڭدە ئەڭ دەسلەپ ئېچىلغان مەزمۇت،
ئىنقىلاب پەردىسى، ھۆرلۈك ئىشىكى.

يۈرەكتەك قىممەتلىك سىنىڭ ھەر تىشىڭ،
ئۈنىڭغا تۆكۈلگەن قۇربانلار قېنى.
ھەرچىمدىم تۇپاڭنىڭ باھاسى تىللا،
ئۈنىڭغا كۆمۈلگەن مەردلەرنىڭ تېنى.

مېھرىمىز-ئىشقىمىز ساڭا تارتىلار،
شۆھرىتى نامايان ئەي ئۇلۇغ ماكان؛
دىللاردا ئىلھامدىن ۋۇلقان پارتلار،
سۆيگۈگە، ھۆرمەتكە توپ-تولۇق ماكان.

دۇنيادا تاغ تولا — سانسىز-ساناقسىز،
ھەممىدىن مەن سېنى ئېزىز بىلىمەن.
ئاي ئۆتسۇن،
يىل ئۆتسۇن،
ھەتتاكى ئەسىر،
بىر قايناق ئارزۇدا سۆيۈپ كېلىمەن!...

* * *

ئالقىشىم چوقاڭدىن بالقىدى ئېگىز،
تەشەككۇر ھېسلىرى ئاشتى پەلەكتىن.
ئىلھامىم ياسىدى گويا بىر دېڭىز،
مەدھىيە يازدىمەن دىلدىن-يۈرەكتىن.

1960-يىل 8-ئاي، قەشقەر.

www.uyghurkitap.com

# جەڭچى قۇدرىتى

تاڭ سەھەردە سۇغا چىقىپ ئالدىراپ،
تاپالمىدىم تۇنۇگۇنكى ئىقىننى.
يولۇم دۇرۇس، ئىزىقمىدىم،
نېمە ئىش؟
تاڭقىدىمەن كىزىپ يىراق-يىقىننى.

”ئەسىرلەردىن بويسۇنمىغان بۇ دەريا،
كەلكۈن كىلىپ چىكەتتىمۇ قىنىدىن؟“
خىيال بىلەن سىرداش بولۇپ تۇرغاندا،
بىر توپ جەڭچى ئۆتۈپ كەتتى يىنىمدىن.

—سەن ئىزدىگەن توسۇن-بەڭۋاش دەريانى،
باشلاپ قويدۇق چۆل-جەزىرە، شورلۇققا.
پايانى يوق سانسىز قەدىم باياۋان،
ئايلىنىدۇ گۈلىستانغا-گۈلباغقا! . . .

دىيىشتى-دە، ناخشا ئىيتىپ ئىشىغا،
كەتتى يەنە دەريا باشلاپ كەلگىلى.
چۆل-جەزىرە، تاقىر ساينىڭ قوينىغا،
ئەمگىكىدىن قىزىلگۈللەر تەرگىلى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

جەڭچىلەرنىڭ قۇدرىتىدەك شۇدەمدە،
ھېسسىياتىم داۋالغۇدى تاشقىنلى؛
ئىلھامىمدىن دەريا ياساپ ئاققۇزدۇم،
چاچقۇ قىلىپ باشلىرىدىن چاچقىلى.

1960-يىل 8-ئاي، قەشقەر.

# قەھرىمانلار ئانىسى—ۋەتىنىم

ئىخ، مېنىڭ قۇياشلىق ئېزىز ۋەتىنىم!
بېھىساپ قەھرىمان تۇغدۇڭ، تۇغىسەن.
قەھرىمان قەلبىنى بىر ئۇچقۇن دېسەم،
سەن ئۇنىڭ لاۋىسى، ئۇچمەس چوغىسەن.
سەن يەنە مىڭلىغان مەردكە ھامىلدار،
سەۋەبكى دەۋرىمىز پارلاق نۇر چاچار.

ساماۋى چۆچەكتە ئېيتىلغان پالۋان،
مانا ئارىمىزدا مىڭلاپ-مىليونلاپ.
ئاجايىپ ئىشلارنى قىلماقتا ئۇلار،
ۋەتەنگە ئۇلۇغۋار تۆھپە تەييارلاپ.
باتۇرلار ۋۇجۇدى غەيرەتكە تولۇق،
پەزىلەت-خىسلىتى ئېسىل ۋە ئۇلۇق.

قەھرىمان تېنىدىن تۆكۈلگەن تەرلەر،
چۆللەرنىڭ يۈزىنى گۈل بىلەن ياپتى.
ئاشۇلار ھەر ئىشتا كۆرسۈتۈپ سۈبات،
ۋەتەنچۇن ئۇنتۇلماس شان-شەرەپ تاپتى.
قەھرىمان قەلبىدە يېلىنجاپ يالقۇن،
چاچقۇلار چاچىدۇ قىپقىزىل ئۇچقۇن.

بولۇنقا تاقاشقان ئالتۇن باشلىق چەش،
شۆھرەت ئاسمىنىدا يالتىرار روشەن.
ساغلىقلار كەينىدە ھېسابسىز قوزا،
يايلاقلار باھاسىز گۈلزارلىق-گۈلشەن.
ھەقىقىي قەھرىمان بۈگۈن تۇغۇلار،
ئۇ بىلەن ۋەتىنىم شانغا ئورۇلار.

*　　*　　*

ئىخ، مېنىڭ قۇياشلىق ئېزىز ۋەتىنىم،
بىھېساب قەھرىمان تۇغدۇڭ، تۇغىسەن.
قەھرىمان قەلبىنى بىر يالقۇن دېسەم،
سەن ئۇنىڭ لاۋىسى، ئۆچمەس چوغىسەن.
دېمەككى، ۋەتىنىم—مەردلەر ۋەتىنى،
قەھرىمان ئەۋلادىنىڭ دىلدىن سۆيگىنى.

1960-يىل 10-ئاي، قەشقەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىڭى ئادرېسى

# دان

دان! . . .
ئالتۇن ئىتىزنىڭ زىننىتى-كۆركى،
يارنى سۆيگەندەك سۆيەي يۈزۈڭدىن.
مۇھەببىتىم دەريا بوپ ئاقتى دېھقانغا،
چىشلەم چىشلىگەندە ئاپپاق ئېنىڭدىن.

* * *

ئۇچۇملاپ خاماندىن ئالغاندا سېنى،
ئوت بولۇپ كۆرۈندۈڭ گويا كۆزۈمگە.
مېھرىمنى باسالماي، يۈزۈمنى ياقتىم،
قىزارغان توقاچتەك سىدام يۈزۈڭگە.

دېھقاننىڭ ئەجرىدىن-مېھنەت تېرىدىن،
تۆرىلىپ بولۇسەن پاتمان-پاتمان تاغ.
سەن بىلەن ھاياتلىق قىلىدۇ داۋام،
ۋە ئۇنىڭ گۈللىرى ياسار كۆكلەم باغ.

شۇڭلاشقا ھەر ئىنسان قەدىرلەپ سېنى،
ئەتىۋا بىلىدۇ دىلدىن ئۇلۇغلاپ.
دولقۇنۇڭ دېڭىزىدا ئۈزىدۇ يەنە،
كاراپىتەك سول يېرىپ، غۇلاچلار تاشلاپ.

يېزىمىز بويىنغا ئاسقان مارجاندەك،
گۈزەللىك بېرىسەن خۇيما يارىشىپ.
بۈگۈنكى بۇلۇتنى سۆيگەن ھوسۇلۇڭ،
ئەتىگە مارس قۇچار، كۆنگە تاقىشىپ.

* * *

دان...
ئالتۇن ئېتىزنىڭ زىننىتى—كۆركى،
يارىمنى سۆيگەندەك سۆيەي يۈزۈڭدىن.
بىر دەريا مۇھەببەت ئاقتى دېھقانغا،
بىر چىشلەم يېگەندە ئاپپاق نېنىڭدىن.

1961-يىل 3-ئاي، قەشقەر.

## باھار سۈيى

باھار سۈيى! ئېتىزلارغا ئاقىسەن،
پايانى يوق گۈلشەن بىلەن سۆيۈشۈپ.
تەبىئەتكە يېڭى چىراي قاتىسەن،
گۈل-چېچەكلەر ئېچىلىدۇ كۈلۈشۈپ.

ئۆركەش ياساپ ئاققىنىڭدا توختىماي،
سېنىڭ بىلەن بىللە ئاققىم كېلىدۇ.

ئەمگەكمەدىن-مېھنىتىمدىن قەۋەتلەپ،
دالىلارغا بېزەك تاققىم كېلىدۇ.

دوستلار بىلەن قول تۇتۇشۇپ ئايدىڭدا،
گۈلباغلارغا سېنى ئاچقىم كېلىدۇ.
مەجنۇن تالدەك مايسىلارنىڭ غولىغا،
ئۇچۇم-ئۇچۇم ئۈنچە چاچقۇم كېلىدۇ.

باھار سۆيى! كەڭ يېزىدا-گۈلزاردا،
كېپىنەكلەردەك ئويناقلايسەن، ياپرايسەن.
ئاپئاق بۇژغۇن قىرغاق سۆيەر كۆۋەجەپ،
بازغان تەگكەن كۈمۈش كەبى چاچرايسەن.

مەن سېنىڭدىن ئىچسەم ئەگەر ئۇچۇملاپ،
تەن-تېنىمگە قانغا ئوخشاش تارايسەن.
تامچە قەترەڭ شىپالىقتۇر يۈرەككە،
ياشلىق ئىشقى ھەۋەسىنى قوزغايسەن.

* * *

باھار سۆيى! ئاققىن شوخشۇپ، شوخلۇنۇپ،
بەختىمىزنىڭ كۆيلىرىدەك دولقۇنلۇق!
ئىلھامىمنىڭ سۇلىرىنى ئاققۇزۇپ،
مەنمۇ ئاقاي ساڭا ئوخشاش شاۋقۇنلۇق!

1961-يىل 4-ئاي، قەشقەر يوپۇرغا.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىڭگى ئادرېسى

# بەخت قۇياشىغا

(مۇسەممەن)

”پارتىيە“ دەپ تىلغا ئالسام قۇۋۋەت تاپار بەدىنىم،
كۆكرىكىمگە سىغماستىن يۈرەك ئۇرار بىتىنىم،
تومۇرۇمدا شاۋقۇنلاپ ئاقار ئوخچۇپ شوخ قېنىم،
سۆيۈنچكە تولىدۇ بىغۇبار قەلبىم-دىلىم،
باھاردىكى قىياندەك تاشار كۆي-ئىلھاملىرىم،
مەدھى يېزىپ ھارمايدۇ كېچە-كۈندۈز قەلىمىم،
چۈنكى ئۆزۈڭ ئىلھامىنىڭ مەنبىئىسەن، كانىسەن!
مىليون-مىليون ئىنسانىنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتى، جانىسەن!

*　　*　　*

گۇمران قىلدىڭ، گۇم قىلدىڭ زالىملارنىڭ زىڭنى[1]
ئاتقۇزدۇڭسەن ئېلىمدە ئازادلىقنىڭ تېڭىنى،
شۇندىن باشلاپ سۆيدۇق بىز چىن بەختىنىڭ لېۋىنى،
قەلبىمىزگە ئورنىتىپ، يېڭىسىدىن-يېڭىنى،
باشلىۋەتتۇق ئۆملۈكتە سوتسىيالىزم جېڭىنى،
قۇرماقتىمىز كۈنسايىن بەختىيارلەر بېغىنى،
دىلىمىزنى يورۇتقان سائادەت قۇياشىسەن!
ئەمگەك، مېھنەت ئەھلىنىڭ يۆلەكداش، قۇياشىسەن!

---

① زىڭى—قانۇنى، ھاكىمىيىتى مەنىسىدە.

ھەر قەدەمدە زەپەر قۇچتۇق سەن باشلىغان يول بىلەن،
چۆل-باياۋان كىيدى لىباس لالە-رەيھان، گۈل بىلەن،
جەننەتۇل مەئۋا ياراتتۇق بىر جۇپ ئىشچان قول بىلەن،
تولدى ئۇنىڭ ئىچ-تېشى گۆھەر بىلەن دۇر بىلەن،
جۇلالايدۇ ئاسمان-زېمىن شولا بىلەن نۇر بىلەن،
شۆھرىتى تىللاردا داستان ناخشا بىلەن-خور بىلەن،
يۈكسىلىشىنىڭ، غەلبىنىڭ بايرىقىسەن، تۇغىسەن،
سېنى سۆيگەن ئىنسانىنىڭ يۈرەكتىكى چوغىسەن.

ئاقتى دومنا پىچلاردىن پولات سۈيى شارقىراپ،
ئۇچتى ۋېيشىڭ كۆك تامان قانات قېقىپ غارقىراپ،
ياندى تەلەي چىرىغى كۆز ئوينۇتۇپ، پارقىراپ،
مېھنەتتىدىن كۆلدى ئىشچى، ناخشا ئېيتىپ ۋارقىراپ،
تامچىدى شادلىق يېشى قوش بۇلاقتىن شورقىراپ،
ئىشچى قەلبى كۈيلەيدۇ سېنى ماختاپ-ئۇلۇغلاپ،
چۈنكى ئۆزۈڭ ئىشچىنىڭ نۇر-چىراغى-كۆزىسەن،
ناخشا ئېيتسا ناخشىنىڭ مەزمۇنىسەن، سۆزىسەن!

بەختى كۈلگەن دېھقانىنىڭ دىلى ياشناپ-ياشىرىپ،
غەيرىتىنى ئۇرغۇتتى تاقىر چۆلگە جان بېرىپ،
باغرى تەشنا قۇملۇققا سۇ كەلتۈرۈپ-قان بېرىپ،
ئالدى پاتمان مول ھوسۇل ئامبار-ساڭلار تار كېلىپ،
ئاشلىق تېغى ھالقىدى بۇلۇتلاردىن يول ئېلىپ،

تۈتتى شۇندا دېھقان يىگىت ھۆرمىتىدىن گۈل تىزىپ،
ئىززەت-ئىكرام، ھۆرمەتكە سازاۋەرسەن-ئىگىسەن،
يۈرىكىمىز يېپىغا مېھر-ئىشقىڭ چىگىسەن.

يورۇتتۇڭ سەن قۇياش بولۇپ بەختىمىزنىڭ يولىنى،
ئاشۇردۇڭسەن ئەقلىمىزنى، كۆزىمىزنىڭ نۇرىنى،
چىڭ تۇتىمىز باشتىن-ئاخىر پەقەت سېنىڭ قولۇڭنى،
تۇغ قىلىمىز چېلىشلاردا داڭقى ئۇلۇغ نامىڭنى،
سەن كۆرسەتتىڭ كۈندىن روشەن كەلگۈسىنى-ئەتىنى،
كۆزلەپ ماڭدۇق ئات سېلىپ ئاشۇ گۈزەل پەللىنى،
كوممۇنىزم كارۋىنىنىڭ سەردارىسەن، پەخرىسەن!
خەلقىمىزنىڭ سائادىتى، كېلىچىكى، بەختىسەن!

1961-يىل 10-ئاي، قەشقەر يېڭىشەھەر.

# تاڭ ئاتقۇچە ئۆچمىگەن چىراغ

ئەل ياتقۇ،
يۇلتۇزلار چاقنايدۇ كۆكتە،
تولۇن ئاي پەرىگە بولۇپ كېنىزەك.
دالادا سېزىلمەس كۈندۈزكى شاۋقۇن،
جىمغىنا تەۋرىنەر پەقەت ئاق تېرەك.

ۋە لېكىن بىر ئۆيدە ئۆچمىگەن چىراغ،
روجەكتىن شولىلار چاچىدۇ تەكشى.
كىمكىنە بۇ چاغدا ئۇخلىماي شۇنداق،
خىرامان ئولتۇرغان، تۈگىمەي ئىشى؟!

ياكى ئۇ شائىرمۇ ھاياتنى سۆيگەن،
ئىلھامدىن قاچقانمۇ تاتلىق ئۇيقىسى؛
ۋە ياكى ئاشىقى يېتىپ يادىغا،
قوزغىلىپ قالغانمۇ سېغىنىش ھېسسى؟

ياق ئەمەس،
خانىغا گەر كىرەر بولساڭ،
يىگىتنىڭ ئەمگىكى كۆڭۈلنى تارتار.
شىرەدە چوت، جەدۋەل، سىيا ۋە قەلەم،
بىر ياندا تىزىلغان دەپتەرلەر قاتار.

يېزىنىڭ بىر يىللىق مەھسۇلاتىنىڭ
ھېسابى چوتتىكى يۇزلىگەن ئۇرۇق.
بوغالتىر ئۇلارنى بولغىچە جەملەپ،
چىراغنى ئۆچۈردى تاڭ نۇرى-يورۇق.

1961-يىل 12-ئاي، قەشقەر يېڭىسار.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# بەختىيار ھايات

ھەر قەلبتە نۇر ئۇركەشلەپ بەخت كۈندەك پارلىغان،
بىزنىڭ ھايات شادمان ھايات، دىلنى شادلىق چارلىغان.

ئەتراپ باغزار-گۈلزارلىق، كۆز تەگكىدەك ھۆسنى بار،
بىزنىڭ ھايات گۈزەل ھايات، بۇلبۇل زوقمەن قارىغان.

ئۆمۈر گۈلى باراقسانلاپ ئۆسەر ئىمكان ئىچىدە،
بىزنىڭ ھايات بوستان ھايات، چىمەنلىگەن، ئاينىغان.

مېھنەت سۆيسە كىمكى خەلق سۆيىدۇ ھەم ئۇنى،
بىزنىڭ ھايات ئىشچان ھايات، ئىشلەمچانلار يايرىغان.

مىللەتلەر ئىجىل-ئىناق، چىن سۆيگۈ ئېقىن-ئۇركەش،
بىزنىڭ ھايات ئۇملۇك ھايات، دوستلۇق ئەلنى قاپلىغان.

كۈنلەر ئۆتەر ئۇلىشىپ بىر-بىرىدىن مەزمۇندار،
بىزنىڭ ھايات يۈكسەك ھايات، يىلدا ئەسىر قاتلىغان.

سوقماس ئوتلۇق يۈرەكمۇ قان بولمىسا ئەگەردە،
بىزنىڭ ھايات جۇشقۇن ھايات، كۈرەش بىلەن چامدىغان.

هۆرمىتى بار، قىممىتى بار ھەر كۆڭۈلنىڭ تۆرىدە،
بىزنىڭ ھايات ئوتلۇق ھايات، ئىشقى تەنگە تارىغان.

كۆزگە روشەن كۆرۈنەر سائادەتلىك كېلىچەك،
بىزنىڭ ھايات پارلاق ھايات، ئۈمىد-ئىستەك قاينىغان.

كومپارتىيە ئاتا قىلغاچ بۇ بەختىيار ھاياتنى،
ياش غەزەلخان ئۆمەرى ئۇلۇغلىغان، داڭلىغان.

1961-يىل 12-ئاي، قەشقەر.

## قوش سۇرەت

زاۋۇت يولى ئەگىم-ئەگىم ئۇزاقلارغا سوزۇلغان،
قاناتلانغان خىياللىرىم ئۇچار ئاشۇ تەرەپكە.
دىل بېتىمگە يۈكسەك ئارزۇ نەقىش قىلىپ ئويۇلغان،
قايناق مېھنەت قاينىمىنى ئالاي دەيمەن سۇرەتكە.

زاۋۇت ئىچى شۇنچە جوشقۇن قاينام-تاشقىن كەيپىيات،
ھەر يۈرەكتىن تەپچىپ تۇرار چىن مېھنەتنىڭ يالقۇنى.
ئېسىل خىسلەت-پەزىلەتلەر بەرق ئۇرۇپ يايغان قانات،
سېخلار ئارا ئەۋج ئالغان مۇسابىقە دولقۇنى.

باھادىرلار پىچ يىپىدا ئىشقا زوقمەن تىگىشكەن،
پۈتمەس غەيرەت كۆرۈنەتتى بوندىكى ھەر بىلەكتىن.
شەپەقسىمان شولا چىچىپ، تاۋى كەلگەن-يىتىشكەن،
پولات سۈيى ئاقار ئوخچوپ ئىرىقلاردىن-چۆنەكتىن.

پىچ ئاغزىدىن چىققىنىدا دۆۋە-دۆۋە مەھسۇلات،
گويا تاغدەك گەۋدە كەرگەن قەددى-قامەت بوي بىلەن.
ئۆز ۋاقتىدا توتۇش قىلىپ، ئايلاندۇرۇپ ئاپپارات-
تولۇق ئالدىم سۈرىتىنى قىزىق ئەمگەك، توي بىلەن.

تەر ئۈنچىدىن زىننەت ئالغان ئىلھامبەخش مەنزىرە،
ياڭزا-ياڭزا گۈل چەكتى لىنتىلارغا بىر تالاي.
ئاپپاراتىم توختاپ قالدى، بىراق يۈرەك ئەمدىزە،
ئالار ئىدى سۈرەتكە خۇشال سوقۇپ توختىماي.

1962-يىل 4-ئاي، قەشقەر.

# شان ۋە شەرەپ

مەيلى كادىر، مەيلى ئەزا. . . ھەممىنىڭ،
مەن دائىما سالىمىغا سازاۋەر.
سالام ئۇلۇغ، سالام—يۈرەك ھۆرمىتى،
قىممىتىگە كەلمەس ئالتۇن باراۋەر.

تۈشمۈتۈشتىن سالام قوبۇل ئەتكەندە،
ۋۇجۇدۇمنى ئورۇۋالار ھاياجان:
تېرىقچىلىق ئىناۋىتى، نامى يوق،
يوقسۇل ئوغلى بولدۇم نىچۈك ھۆرمەتجان؟!

شەرەپ بەرگەن، شۆھرەت بەرگەن پارتىيەم،
ئىزەت-ئىكرام بىر ئۇنىڭغا تەئەللۇق.
بولبۇل شەيدا بولماس ئىدى گۈللەرگە،
گۈل ئالمىسا قۇياشتىن نۇر-يورۇقلۇق.

1962-يىل 6-ئاي، قەشقەر مارالبېشى.

## بەخت قوشىقى

ھايات نەقەدەر ئۇلۇغ،
نەقەدەر ئېزىز،
لېكىن ئۇ قەدىرلىكتۇر،
بەخت ئاتلىق گۈلى بىلەن.
بەختكە بولسا قوشكېزەك،
ئۆتمەيدۇ ئادەم،
بۇ دۇنيادىن ئارمان بىلەن.

كۆمۈلۈپ شېرىن ھېسلارغا،
بەخت ھەققىدە ئويلايمەن،



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پىكىرلەر دەرياسىدا بولۇپ غەرق.
يۈكسەك تويغۇلار،
ياسايدۇ يۈرەكتە بىر ئىسسىق ئېقىن،
ئىلھام كۆچەتلىرى
تومۇر تارتىپ چىقىرىپ بەرق.

ئۆزەمچىلا،
بەلكى كۆڭلۈمنىڭ مەيلىدۇ
بۇ ھەقتە بىر سوئال تۇغۇلدى:
”كىم بەختلىك ھەممىدىن؟“
ئويلا-ئويلا
جاۋابىنىمۇ تاپتىم نەق:
”شۇ ئەڭ بەختلىك،
كىمكى بولسا ئىجادقا ئامراق،
كۈرەشكە ماھىر
مېھنەتكە يېقىن! . . .“
دەر ھەقىقەت:
غايىپتىن قىل تەۋرىمەس،
قانات قاقمىسا لاچىن
ئۆرلىمەس كۆككە؛
بەخت-ئامەتمۇ كەلمەيدۇ قۇرۇقتىن-قۇرۇق.
قول ئۇزىتىپ
ئەگمىسە ئەگەر
تەلەي شېخى ئىگىلمەس،

بەخت يۇلتۇزى ھەم
چاچماس نۇر-يورۇقلۇق.

* * *

ھايات نەقەدەر ئۇلۇغ،
نەقەدەر ئەزىز،
لېكىن، ئۇ قەدىرلىكتۇر
بەخت ئاتلىق گۈلى بىلەن.
ھەر ئىنسان،
بەخت-سائادەتنىڭ
ئالتۇن نۇرىغا بۆلۈنەر،
ئەمگەكچان ئىككى قولى بىلەن!...

1962-يىل 10-ئاي، قەشقەر مارالبېشى.

# كۆمۈر كۆيگەندە

چۆيۈن مەشنىڭ ئىچىدە كۆيەر كۆمۈر لاۋۇلداپ،
ئۇندىن چىققان ھارارەت خۇددى نۇردەك تاۋلىنار.
يال-يال ئەتكەن ئۇچقۇنلار قىزىل گۈلگە ئايلىنار،
يالقۇن چېچىپ ئەتراپقا، كۆمۈر چوغى لاۋۇلداپ.

ئاشۇ ئوتقا ئوخشاتتىم كۆڭلىنىڭ روشەن كۆزىنى،
گۈزەللىكنىڭ تۇيغۇسى يۈرىكىمنى سۆيگەندە.

ئاشۇ ئۇنقا ئوخشاتتىم قەلبىم يالقۇپ كۆيگەندە،
ساپ مېھنەتتىن نۇرلانغان كانچىلارنىڭ يۈزىنى.

كۆمۈر كۆيسە يېلىنجاپ پاك سۆيگۈنىڭ زەپتىدىن،
يۈرىكىمنىڭ قېتىدا چېچەك ئاچتى بىر باھار.
تەنگە تەپكەن ئىسسىقتا ئىشچى ئىشقى-مېھرى بار،
شۇڭا باغرىم ياقتىم مەن قورقماي ئۇنىڭ تەپتىدىن...

1963-يىل 1-ئاي، قەشقەر.

## سۇ

ئېرىقلاردا كۈمۈش تەڭگە ئاققاندەك،
ئوخچۇپ-ئوخچۇپ سۇ ئاقىدۇ تىنىمسىز.
ئىلگىرىلەيدۇ گويا كىيىك چاپقاندەك،
مەنزىلىدە شۇنچە ئىلدام، شۇنچە تېز.

ئاشۇ سۇلار دىل زوقىنى تارتىدۇ،
جۇلا ئۇرۇپ، قىرغاق سۆيۈپ شاۋقۇنلاپ.
ئاشۇ سۇلار ئېتىزلارنى ياشنىتار،
كەڭ ۋادىغا زىننەت تاقاپ، گۈل تاقاپ.

ئاشۇ سۇلار بەخت سۆيگەن بوستاننىڭ
تومۇرىغا قانغا ئوخشاش تارايدۇ.

ياغدەك كۆرۈپ قەدىرلىگەن دېھقانىنىڭ،
ئالقىشىنى، رەھمىتىنى ئاڭلايدۇ.

ھۆسن تاپقان تاقىر سايلار، دەشت-چۆللەر،
ئاققاچ ئاڭا ئابىھايات ئېقىنلار.
تامچە سۇدىن باھار ئەكسى كۆرۈنەر،
شۇ سۇ بىلەن كۆكلەر يىراق-يېقىنلار.

يۇمران مايسا، سەرخىل ئۇرۇق. . . بوي سوزار،
سۇغا قېنىپ تويۇنغاندا ھەر تەرەپ.
ئالتۇن كۈزدە ھوسۇل تېغى نامايان،
دېھقان ئىشلەر سۇلار ئەلۋەك بولسۇن دەپ.

1963-يىل 3-ئاي، قەشقەر.

## ئاق ئالتۇن ئىشقى

باغ باراقسان كەڭ ئېتىزدا دولقۇنلاپ،
كۆز چاقنىتار ياڭزا-ياڭزا چېچەكلەر.
ھەر شېخىدا ھوسۇل قۇچۇپ پاتمانلاپ.
تۇرار سانسىز سانجاق-سانجاق غوزەكلەر.

پوتلا تاشلاپ، چاناق يارغان پاختىلار،
كۆرۈندۇ شاخقا كۈمۈش تىزغاندەك.

تېرىمچىلار ئىشلەپ تورغان پاختىزار،
شۇنچە گۈزەل خۇددى رەسسام سىزغاندەك.

ئاگا ئاشىق پاختىكارنىڭ قەلبىگە،
كۆچ بېغىشلار ئاق ئالتۇننىڭ تالىسى.
چىن ئەجرىدىن تاغ ياسايدۇ ھەر دېھقان،
چۈنكى ئەمگەك مول-ھوسۇلنىڭ ئانىسى.

ئاق ئالتۇننى يۈرىكىمدىن-دىلىمدىن،
ئەتىۋارلاپ قېنىپ-قېنىپ سۆيىمەن.
پاختىزارغا ۋۇجۇدۇمدىن-تېنىمدىن،
دەريا-دەريا مېھنەت تەرى تۆكىمەن.

مېھرىم بىلەن تەرسەم ھەربىر چاناقتىن،
ئاق ئالتۇنلار پاتماي قالدى ئېتەككە.
ياڭراق ناخشام پەرۋازلىدى قاناتلىق،
ھوسۇل تېغى يەتكىنىدە پەلەككە! . . .

1963-يىل 9-ئاي، يەكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# پامىر يايلىقى

خۇددى نۇرلۇق ياقۇتتەك،
كۆرۈندۇ يايلاقلار.
ئۇندا شاشمان يۈرۈشەر،
قوزا، ئوغلاق، تايلاقلار...

كۆرۈنمەيدۇ چەت-چېتى،
مۆلچەرگە تاغ پاسىل.
يىلقىلارنى گۈل دېسەك،
ئۇتلاقلاردىن باغ ھاسىل.

كۆيلىنىدۇ گۈزەللىك،
پادىچىنىڭ نېيىدە.
سۆزلىنىدۇ خىسلىتى،
تاغ خەلقىنىڭ تىلىدە.

ھەر ئىنەكنىڭ كەينىدە،
قوشلاپ يۈرەر توپىقى.
تار كېلىدۇ تۆللەرگە،
يايلاق باغرى، ئوپىقى.

روشەن كۆز ھەم قامىشار
قوزا بىلەن ئوغلاقتىن.
ھېسابىغا قوم ساناپ،
ئازار ئادەم ساناقتىن.

قۇچاققا ھېچ پاتمايدۇ،
سۇتكە تولۇق يېلىنلەر.
سېغىپ-سېغىپ ھارمايدۇ،
چېۋەر قىزلار، كېلىنلەر...

مال-ۋارانلار ئايىندى،
تاغ-جىرادا، يايلاقتا.
پارتىيىنىڭ سۆزىنى،
چىڭ تۇتقاچقا قولاقتا.

1963-يىل 10-ئاي، قەشقەر قاغىلىق.

www.uyghurkitap.com

# ۋەتەن مۇھەببىتى

I

ئۇلۇغ ۋەتەن شۇنچە ئەزىز، سۆيۈملۈك،
مۇھەببىتىڭ دىل قېتىمدا ئۆمۈرلۈك.
بۇ ئالەمدە بىر سىنىلا سۆيىمەن،
چىن ئىشقىڭدا گۈلخان كەبى كۆيىمەن،
سەن مەن ئۇچۇن ئانامدىنمۇ كۆيۈملۈك.

ۋەتەن دەپ مەن بۇ دۇنياغا كۆز ئاچتىم،
ۋەتەن دەپ مەن ئەلگە دەسلەپتە سۆز ئاچتىم.
بەختىم ئىكەن مۇشۇ ئەلدە تۆرەلدىم،
بەختىيارلىق نۇرلىرىغا بۆلەندىم،
ۋەتەن دەپ مەن ئىلھامىمدىن گۈل چاچتىم!

II

شۇم ئۆتمۇشتە كۈن نۇرىنى كۆرۈشكە،
كەلگ باغرىڭدا ھايات سۈرۈپ يۈرۈشكە،
ئەلدىن تانغان خائىنلارنىڭ قەستىدىن،

زالىملارنىڭ زۇلمىتىدىن-دەستىدىن،
بولماس ئىدى ھەتتا ئەركىن كۈلۈشكە.

ئۇتلۇق سۆيگۈ، تىلەك بەردى پارتىيەم،
ھايات بەردى، ئەرك بەردى پارتىيەم.
زىننەت بېرىپ ئەل چىھرىگە يېڭىدىن،
بەخت چېچىپ ئازادلىقنىڭ تېگىدىن،
ۋەتەن سۆي دەپ يۈرەك بەردى پارتىيەم.

Ⅲ

ئاسمان چەكسىز، سۇلار سۈزۈك، زېمىن كەڭ،
جەننەت دېسەم جەننەت بىلەن ھۆسنۈڭ تەڭ.
زەررە نۇرۇڭ ئاجىز تەننى كۈچايتار،
ساپ ھاۋايىڭ كېسەل بولسا ساقايتار،
سېنىڭ نامىڭ دىلغا ئىلھام، ئاشقا تەم.

ھاياتلىققا پاك مۇھەببەت ھەمراھ-يار،
ئىنسان بىلەن بىللە ياشاپ بىر بارار.
يىگىت قىزغا، قىز يىگىتكە كۆيىدۇ،
ئۇلار ئۆلسە سۆيگۈسىمۇ ئۆلىدۇ
بىراق ۋەتەن ئىشقى كۈندەك بەرقارار!...

Ⅳ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىشقەدەم تورى
www.uyghurkitap.com

ماۋجۇشىغا ۋەتەن بولغان گۈل دىيار،
ھەم ماڭىمۇ ۋەتەن بولۇش بەختىيار. ①
تومۇردا قان شۇ مەنادا ئاقىدۇ،
بەخت ھېسى مەغرۇر قانات قاقىدۇ،
ساڭا باققان ھەر قەلبتە ئىپتىخار.

قىزىل چېچەك قىستى شەھەر، دالا، ساي،
زەپەر بىلەن جەۋلان ئەتتى ھەممە جاي.
گۈلشەن تاپتى ھالال مېھنەت ئەجرىدىن،
قۇدرەت تاپتى پارتىيىنىڭ سۆزىدىن،
يورۇق ئەمەس نۇر ئالمىسا كۈندىن ئاي...

V

چاڭبەيشەندىن پامىرغىچە بىر تۇتاش،
بارچە مىللەت تەڭ باراۋەر، قېرىنداش.
خەنزۇ، مۇڭغۇل، زاڭزۇ، تاجىك ۋە قازاق،
خۇيزۇ، قىرغىز، شىۋە، تاتار چىن ئىناق،
ئۆزبېك تىلى ئۆز تىلىمگە ئاھاڭداش.

يېڭىشلارغا دوستلۇق قاتتى زور ئىېقىن،
ھەممە مىللەت بىر يۈرەكتەك زەپ يېقىن.
دوستلۇق بۇرچى-ۋەدىلەرنى ئاقلايمەن.

دىلدا ۋىجدان بويىرۇقىدەك ساقلايمەن،
ئانا ئەلنىڭ مۇھەببەت ۋە ھۆرمىتىن.②

VI

ئۇلۇغ ۋەتەن!
ئۇلۇغلىقتا تەڭداش يوق،
قەلب تۆرىدە پاك ھۆرمىتىڭ بەك تولۇق.
ساڭا باقسام بىرجۇپ كۆزۈم مىڭ بولار،
ساپ ياقۇتتەك سۈزۈك نۇرغا لىق تولار،
پارلاق گۈزەل ئىقبالىڭدىن ئېپ يورۇق.

شانلىق ۋەتەن!
مەنزىلىسىرى گۈللەيسەن،
قىزىل توغنى ئېگىز تۇتۇپ ئۆرلەيسەن.
ئىشقىم سىڭگەن ئوتلۇق قوشاق ياڭرىتىپ،
ساداسىنى جاھان-جاھان تارىتىپ،
سېنى مەڭگۈ مەدھىيىلەيمەن، كۈيلەيمەن...!

1963-يىل 12-ئاي، قەشقەر مارالبېشى.

---

①② بۇ مىسرالار بىر شائىرغا تەقلىت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# بۇلۇت سۆرەپ

ئالا قاشقا، جەرەن ئات،
ئاستا ماڭار كۈچلىنىپ.
ئەگىم-ئەگىم باسقان يول،
قالار ئارتتا يېيىلىپ.

هارۋىكەشنىڭ قامچىسى،
سىلكىنىدۇ تاراسلاپ.
ئاتلار سالماق ماڭىدۇ،
تىزگىن سىرىپ قاراسلاپ.

شوتىسىغا هارۋىنىڭ،
قىزىلبايراق ئېسىقلىق.
تۆپىسىگە كارامەت،
ئاپئاق بۇلۇت بېسىقلىق.

هەيرانلىقنىڭ بەلگىسى،
ئورۇن ئالدى يۈزۈمدىن.
بىراق روشەن كۆرگەندە،
نۇر چاقنىدى كۆزۈمدىن.

ئاق ئالتۇنكەن-پاختىكەن،
ئاتلار ئاران سۆرىگەن.
ماڭا خۇددى بولۇتتەك،
قەددى پەلەك كۆرۈنگەن! . . .

1964-يىل 9-ئاي، قەشقەر مەكىت.

## قىمىز بىلەن قايماقكەن

تارام-تارام ئېرىقتا،
شاۋقۇنلىنىپ، كۆۋەجەپ؛
قىرچىن تاللار، گۇللەرنى،
سۆيۈپ ئۆتۈپ ئەگىدەپ؛

ئۇلۇغ-ئۇلۇغ ئاقىدۇ،
كۆز سۇلىرى-كۈمۈشلەر.
ئاڭا قوچاق ئاچىدۇ،
جەننەت ۋادا-بېھىشلەر.

سۇ دېگىنىم زەڭ قويسام،
قىمىز بىلەن قايماقكەن.
ئۇنىڭ ئېقىن بولىقى،
بىزنىڭ ئاۋۇل-ئايماقكەن.
1964-يىل 10-ئاي، ئاتۇش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# باھار ناخشىسى

باھار بىلەن ھەريادا،
چىراي ئاچتى چېچەكلەر.
خۇشاللىقتا-شادلىقتا،
تۈلۈپ تاشتى يۈرەكلەر.

سۆيۈپ ئۆتەر يۈزلەرنى،
ئىللىق باھار شامىلى.
قاماشتۇرار كۆزلەرنى،
يېزا ھۆسنى-جامالى.

پىداكارلار ئاتلاندى،
ئېتىزلىقتا سەپ بولۇپ.
قەلبىگە ئىشەنچ-ئۈمىد،
بىلىكىگە كۈچ تولۇپ.

گۈرۈلدەيدۇ تراكتور،
سىيالكىدا تورۇقلار.
يەرگە تەكشى سېپىلەر،
سەردان دانلار—ئۇرۇقلار.

شاد ناخشىلار جاراڭلار،
سادالىرى پەلەكتىن.
باهار ئىشقى بىر يالقۇن،
هەربىر دىلدا-يۈرەكتە.

بار دەرەخنىڭ يىلتىزى،
بار بۇلاقنىڭ مەنبەسى.
باهارنىڭ گۈزەللىكى-
مېھنەت نۇرى-سىماسى.

1965-يىل 4-ئاي، قەشقەر يېڭىسار.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئوما چاغلىرى

(چاتما)

## بۇغداي پىشتى

مەزگىل يېتىپ، پەيت كېلىپ،
تەگدى بۇغدايغا ئوغاق.
ئوما پەسلى ئىسسىق چاغ،
ھەممە يەردە ئىش قايناق.

بۇ يىل بۇغداي ئوخشىدى،
باشاقلار دانغا تولۇق.
مول ھوسۇلنىڭ ئانىسى—
مېھنەت قەدىرلىك، ئۇلۇق.

ئۇنچە يىغىپ، باغ باغلاپ،
ھارماس ئىشچان بوۋايلار.
باشاق تېرەر پەم بىلەن،
قولى ئەپچىل مومايلار.

مول ھوسۇلنى مول يىغىش-
ئەزالارنىڭ تىلىكى.
ئاشۇ ئوتلۇق ئارزۇدا،
تالماس ھەرگىز بىلىكى.

## قۇياش تۇتتى گۇلدەستە

ساپ مېھنەت تەر شانغا كۆمۈلۈپ،
تاۋلىنىدۇ بوغدايلار.
خۇشاللىقنىڭ زوقىغا چۆمۈپ،
سايرىشىدۇ تورغايلار...

قوياش تېخى ئۇيقۇ ئىچىدە،
ياتار يەنە ئورنىدا.
لېكىن شۇ دەم يېزا چېتىدە،
ھەممە ئادەم ئومىدا.

شۇنچە چەكسىز ھوسۇللۇق يەرنى،
ئېگىز قىلدى بىر پەستە.
... قوياش چىقتى، ئىشچانلارغا ئۇ،
نۇردىن تۇتتى گۇلدەستە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

# ئالتۇن داندا كەشتىلەپ

يۇزلىرىدە شاد كۇلكە،
قىزلار ئىشلەر بەس-بەستە.
خوسۇل تېغى ياسايدۇ،
ئەتىگەندە ھەم كەچتە.

بىرى ئورۇپ ھارمايدۇ،
كۇمۇشسىمان ئوغاقتا.
بىرى توشۇپ ھارمايدۇ،
بىرى يۇرەر ئۇپۇقتا.

ئۇنچىلەرنى تىزىدۇ،
تۆپىسىگە دەستىلەپ.
كۆك تاۋاردەك ئاسماننى،
ئالتۇن داندا كەشتىلەپ.

مانا ئاخىر خامانىڭ،
بويى كۆككە تاقاشتى.
ئاي يولتۇزلار يىراقتىن،
قىزنىقسىنىپ قاراشتى.

ئەسلى تىنىق ئاقۇشلۇق،
كۇرۇنگەن شۇ ئەپتىدىن.
بولۇت ئالتۇن رەڭ ئالدى،
بىزنىڭ خامان زەپتىدىن...

## خامان ناخشىسى

چەكسىز دالا، كەڭ ۋادا،
دۆۋە-دۆۋە خامانلىق.
خاماننىڭ چەت-چۆرىسى،
گۇلگە تولغان باراڭلىق.

باشاقلارنى يەنچىيدۇ،
دوكۇر-دوكۇر تولۇقتاش.
ئىشلەپ زادى هارمايدۇ،
يېزىدىكى قېرى-ياش.

پاراسەتلىك قېرىلار،
شوخ شامالغا چەش باسار؛
سامان ئۇچار بىر يانغا،
ئالتۇن دانلار تاغ ياسار.

ياڭراق خامان ناخشىسى،
ياڭراپ ئۇزار ئۇزاققا.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ئېتىز كۈيى—نەغمىسى،
زەپمۇ ياقار قۇلاققا.

## لاي-لاي

”بۇغداي بىلەن سامانىنى،
شامال ئايرار“ لاي-لاي.
ئىشلىگەننى، ھورۇننى،
ھوسۇل ئايرار لاي-لاي.

بىز خاماندا ئىشلەيمىز،
زوق بىلەن لاي-لاي.
ئالتۇن داننى چەشلەيمىز،
شوق بىلەن لاي-لاي.

تاڭدا چولپان، كەچتە ئاي،
ئاشنىمىز لاي-لاي.
ئاپپاق توقاچ، سۈتلۈك چاي،
ناشتىمىز لاي-لاي.

جاندىن ئەزىز مېھنەتنىڭ
قىممىتى لاي-لاي.
مول ھوسۇللار ئۈنىگكى
ھىممىتى لاي-لاي...

# ئاق توقاچ

داستىخاندا تورغان سۇنتەك ئاق توقاچ،
ئىشتىھا قىستار نەپسىمنى غىدىغلاپ.
مەن سۆيىمەن ئۇنىڭ گۇلدەك ھۆسنىگە،
مەڭزىم يېقىپ ئەتىۋارلاپ-ئازىلاپ.

ساپ تەر تۆككەن ئەمگەكچىنى كۆرىمەن،
ئانار رەڭلىك توقاچلارنىڭ ئەكسىدە.
ماڭا ئايان: ئەجىر بىلەن ئۆسكەن دان،
ئالتۇندىنمۇ چەندان ئېسىل ئەسلىدە.

قول ئۇزاتتىم...
سەزگۇلىرىم ئويغاندى،
تومۇرۇمدا ئاقتى ناننىڭ شەربىتى.
پاك ئەمگەكنىڭ جەۋھىرىگە قوشۇلۇپ،
ئاشتى يەنە دېھقانلارنىڭ ھۆرمىتى!...

1965-يىل 7-ئاي، قەشقەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى

# تاغىل تاغار

مىراس قالغان بوۋامدىن،
مېنىڭدە بار بىر تاغار.
رەڭگى تاغىل، كاناپ يىپ،
ئونبەش چارەك ئاش سىغار.

خامان تەپسەم ئۆتمۈشتە،
بايغا كەتكەن بارىلا.
ماڭا قالغان ھەر دائىم،
سامان بىلەن ئارىلا.

تاغىل تاغار تولمايتتى،
يىل بويىمۇ ئاش-دانغا.
تەشنا ئىدىم، زار ئىدىم،
پاتاق، تېرىق، بىر نانغا.

ئەمگەك قىلىپ تەر تۆكۈپ،
گۈل ئۈندۈردۈم تاشلىقتىن،
بۈگۈن ئالدىم مول-ھوسۇل،
بوغداي، قوناق — ئاشلىقتىن.

چىڭداپ ئۇسۇپ ئىزمىداپ،
ئاشۇ تاغىل تاغارنى؛
ئالتۇن دانغا توشقۇزدۇم،
نەچچە كاتنى، ئامبارنى.

تاغىل تاغار كۆڭلۈمگە،
سالار شۇنى ھەر زامان:
ئۆتمۈش بىلەن بۈگۈننىڭ،
پەرقى گويا يەر-ئاسمان.

1965-يىل 12-ئاي، قەشقەر قاغىلىق.

## شېئىر بىلەن يېزىلغان مەكتۇپ

سۆيىمەن دېدىڭ، مەنمۇ سۆيدۇم ھەم سىنى،
بەردىم يۈرەك مۇھەببىتىم-مېھرىمنى.
ئەجىر قىلدۇق باغلاپ چىن ئەقىدە،
گۈللىتىشكە گۈزەل ياشلىق بېغىنى.

ئۆتتى يىلدىن ئاياغ بېسىپ سەككىزى،
پەرزەنت كۆردۇق، چوڭ بوپ قالدى نەچچىسى.
بىراق شۇندا خوي-پەيلىمىز ئۆزگەردى،
توۋا دەيمەن تورمۇشنىڭ بۇ نېمىسى!؟

ئارىمىزدا ئۇشۇق-تۆشۈك گەپ بولدى،
ئاڭلىغاندا، ساڭا ماڭا دەرد بولدى.
دوستلىرىمىز قايغۇلاندى بۇ ئىشتىن،
كۈشەندىلەر دېدى: ”تازا خوپ بولدى!“.

قايسىمىزنى قايسى شامال ئۇچۇردى؟
قايسى شەيتان يولىمىزدىن ئازدۇردى؟
كىمنىڭ قولى ئۈزىتىلدى بۇ ياققا؟
قايسى مەلئۇن پىتنە-ئىغۋا ياغدۇردى؟

ۋە ياكى بۇ خۇشاللىقىنىڭ كەينىمۇ؟
ۋە ياكى بۇ ئىككىمىزنىڭ پەيلىمۇ؟
ئېيتقىن جېنىم كۆڭلۈڭدىكى سىرىڭنى،
ياشلىق گۈلى توزۇپ كەتسە مەيلىمۇ؟

ئويلىنايلى بۆكنى قويۇپ ئالدىغا،
تاپايلى بىز بۇنىڭدىكى سەۋەبنى.
نۇقسان بولسا قايسىمىزدا ئەگەردە،
تۈزىتەيلى قاتتىق قويۇپ تەلەپنى.

ئارىمىزغا كىرگۈزۈلگەن قاۋاننى،
تىلى شېكەر، دىلى زەھەر چايانىنى؛
تاپشۇرايلى تارىخنىڭ سوت-ھۆكمىگە،
ئادەمسىمان ئوت قويرۇقنى-يامانىنى.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

چىن رىشتىنىڭ يىپى مەھكەم يۇرەكتە،
ۋاقتى كەلسە ھىجرانغىمۇ چىدايمەن.
ئۆتۈپ كېتەر شۇركەندۈرگەن سوغ شامال،
ئۈمىد بىلەن جاۋابىڭغا قارايمەن.

1969-يىل 1-ئاي، قەشقەر.

## بەختىم

دۇنيادا بەختىنىڭ تەرىپى تولا،
ھەركىم ھەرياڭزا ئېيتىدۇ مەنا؛
بەزىلەر تاپسا تۈگىمەس بايلىق،
ياكى ئېرىشسە تاج-تەختكە يانا؛

تېپىشسا شۆھرەت، ئابرۇيۇ ئاتا،
ئىندەككە كەلسە بىر گۈزەل قىزچاق؛
ئۆزىنى بەختلىك ئىنسان دەپ بىلەر،
بۇ گويا ھەدىسكە پۈتۈلمىش شۇنداق.

مەنمۇ بەختكە بېرىمەن مەنا:
پارتىيە ئەزاسى بولغىنىم-بەختىم.
شۇ نام-غورۇرۇم، شەۋكىتىم، شانىم،
شۇ نام-دۆلىتىم، زەر تاج ۋە تەختىم!
1972-يىل 11-ئاي، قەشقەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

## سۆيگۈم

پارتىيەم، مەن سېنى سۆيدۇم ئېزىنزلاپ،
ئالتۇن قەسىرلەردە باققاندا مېنى.
تۇزكورلار تۆھپىنى جىنايەت ساناپ؛
قەپەسكە سالغاندا سۆيدۇم ھەم سېنى.

1974-يىل 1-ئاي، قەشقەر.

## جىڭگاڭشەن روھى نۇر چاچار پارلاق

—ماۋجۇشىنىڭ «شۇيدياۋگېتۇ جىڭگاڭشەنگە قايتا چىقىش»
دېگەن شېئىرىنى ئوقۇغاندىن كېيىن

### ئىلھام

چىقتى ماۋجۇشىمىز جىڭگاڭ تېغىغا،
زوق ئەيلەپ جياڭنەننىڭ باھار چېغىغا.
گۆھەردىن ئۇلۇغۋار مىسرالار تىزدى،
جۇشقۇنلۇق بېغىشلاپ سەنئەت بېغىغا.

## يېڭى مەنزىرە

باغلاردا خۇشپۇراق ئېچىلمىسا گۈل،
سايرىماس زوق بىلەن ئىشقىۋاز بۇلبۇل.
هاياتلىق قۇياشى نۇرلار چاچمىسا،
ئۈنمەس قارلىغاچ شادلىقتىن ئۇسسۇل.

زۇمرەتتەك سۇزۇك سۇ ئاقمايدۇ ئۈنىاق،
بولمىسا مەنبەسى—توختىماس بۇلاق...
بولغاچقا پارتىيە، ئالدى يېڭى تۇس،
ۋەتەننىڭ كەڭ قويىنى-چۆل، سەھرا، يايلاق...

## يول

يوللار تۈز ئەمەس، باردۇر ئەگرىسى،
بۇلۇتتىن هالقىغان يەنە قانچىسى.
توغرا لۇشيەننى بويلاپ ماڭساق بىز،
سەپەردە خەتەر يوق، غەلىبە ھەممىسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## ئىنقىلاب دەۋرى

بۇركۈت قانىتىنى تاۋلايدۇ بوران،
شەپەرەڭ دالدىغا كىرەر ھەر زامان.
ئىنقىلاب دەۋرى بۇ، شۇنچە دولقۇنلۇق،
قىزىلگۈل-چېچەككە پۈركىنەر جاھان.

## پارلاق نۇر

تالاي يىل جەڭ قىلدۇق، چۆمۈپ قان-تەرگە،
كىرگىلى كۆپ بولدى تاغدىن شەھەرگە.
ۋە لېكىن جەڭگاھتىن روھى نۇر چېچىپ،
باشلايدۇ بىزلەرنى يېڭى سەپەرگە.

1976-يىل 6-ئاي، قەشقەر.

## بەختىم

تارىخنىڭ بىزگە ئاتىغىنى شۇ،
ھاياتلىق-نىسپىي، دۇنيادۇر باقىي؛
گۈللەر تۆكۈلسە، ئېچىلار غۇنچە،

توختىماس ئالەم، پەلەكنىڭ چاقى.

ھايات لەززىتى تەڭداشسىز ئۇلۇغ،
ياشاش ئىستىكى ئۆچمەس دىلىمدىن.
لېكىن ئەل ئىشى-خىزمىتى ئۈچۈن
كېچىشكە رازى ھەتتا جېنىمدىن.

شۇڭا ئۆلۈمدىن قىلمايمەن ۋەھىم
ئەمەستۇر كۆڭلۈم غەمدە-غۇسسىدە.
مېنىڭ ئۆلۈمىم-ئۆلمەسلىك، چۈنكى
قەلبىم لىقمۇلىق بەخت ھېسسىدە.

ھاياتلىقىمدا قىلدىم جەڭ-كۈرەش،
كومپارتىيىگە ئەگىشىپ ھەرۋاق.
كىرپىكىم جۇپلەشسە ياپار يۇزۇمنى
ئوغاق-بولقىلىق قىپقىزىل بايراق!

1978-يىل 11-ئاي، قەشقەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# يىللار سىرى

بەزىلەر يازسا گەر يىللارغا جاۋاب،
مەن شۇ دەم يازىمەن يىللارغا سوراق.
سورىغىنىم يىللارنى سىناش بەلگىسى،
ھەر جاۋاب ھەر يىلنىڭ ۋەزنىدۇر بىراق.

يىل دېگەن ئالەمنىڭ ۋاقىت ھېسابى،
نەچچە مىڭ كالېندار پۈتتى يىرتىلىپ.
ئېسىمدە ئۆكتەبىر يورۇتقان سەھەر،
تارىخقا ئوتتۇز يىل قالدى يېزىلىپ.

تاڭ نۇرى پارلىغان شۇ غالىپ يىللار،
ئەسىرلىك مەزمۇننى بەردى كۈنگە.
ۋەتىنىنىڭ تاغ-دالا، يېزا-سەھراسى
پۈركەندى قىپقىزىل ئۇتۇق گۈلگە.

ۋە لېكىن يىللار ھېچ ئۆتمىدى تىپتىنچ،
قارا جۇت-بۇلۇتلار تاشلىدى سايە.
باشلىنىپ مىسلىسىز دەھشەتلىك قوزغۇن،
سىلكىندى دىلدىكى ئىشەنچ ۋە غايە.

يۆندا كۆلچىكىدە ئۆزگەن بىلىقتەك،
بەدنىيەت مەلئۇنلار چىقتى سەھنىگە.
ياۋۇزلۇق قىلىچى كەستى بويۇننى،
كەلگۈلۈك زەپ كەلدى بىلىم ئەھلىگە.

باغلارنىڭ ھۆسنىدە ئويىندى غازاڭ،
گۈل-غۇنچە ئېچىلماي توزىدى شۇئان.
جۇدالىق دەردىدە باھارنى كۈتكەن
ئىشقىۋاز بۇلبۇلنىڭ باغرى لەختە قان...

شۇ يىللار بولدى زەپ نادانلىق دەۋرى،
ساداقەت مۇنارى ياسالدى ئېگىز.
شۇ يىللار بولدى زەپ پالاكەت دەۋرى،
قېپقالدى غەپلەتتىن دىللاردا قان-ئىز...

شۇ يىللار تىزىمىسى ئۆتتى لاي سۇدەك،
تارىخ ئۆرۈدى ئاپئاق ۋاراقلار.
نە ئامال، شۇنداقلا قالدى جاۋابسىز،
يىللارغا قويۇلغان سوئال-سوراقلار.

خەلقنىڭ ئەقلىدىن، قۇدرەت-كۈچىدىن،
پەلەكنىڭ چارقى ئايلاندى شۇدەم.
ھەقىقەت زۇلمەتنىڭ يولىنى توستى،
تارىخنىڭ ئەينى شۇ، تارىخ ھۆكمى ھەم!

زەردىگۈش يۈرەكلەر ئىچتى شەربەت سۇ،
ياپرىدى قايتىدىن ئازارلىق دىلمۇ.
سائادەت ئاپتىپى چىچىپ ئالتۇن نۇر،
ئۇتۇقلار ئەۋجىدە كەلدى ھەر يىلمۇ.

كالېندار ۋارىقى تولدى مەزمۇنغا،
چوڭ ئۇزۇن سەپەرنىڭ زەپەر گۈلىدىن.
جاۋابسىز سوراقلار تاپتى نەق جاۋاب،
شۇ ئانا ۋەتەننىڭ شادلىق كۈيىدىن.

* * *

يىل دېگەن ئالەمنىڭ ۋاقىت ھېسابى،
ئىنسانلار بېرىدۇ ئۇنىڭغا مەنا.
يىللار مەزمۇندار كېلىدۇ چوقۇم،
چۈنكى بار رەھنەما پارتىيە دانا.

1978-يىل 12-ئاي، قەشقەر.

## لياڭشەن دالىسى

تاڭ بىلەن تەڭ يولغا چىقتىم لياڭشەننى بويلاپ،
چولپان يۇلتۇز كۆزى تېلىپ مۆككەن بىر چېغى.
تاڭ شامىلى ئەركە قۇشتەك قىيغىتىپ ئويناپ،
سىلىپ ئۆتەر ھەر يۈرەككە چىن بەخت ئىشقى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۆت ئەتراپى دەرەخزارلىق ئېدىرلار-تاغلار،
ئاق بۇلۇتتىن باشلىرىغا ئورىغان سەللە.
ئوتتۇرىسى جەننەت كەبى گۈلزارلىق باغلار،
ئاپىرىدە بولغان گويا مەزمۇت بىر قەلئە.

هەر تامچىسى تەنگە شىپا جىرا سۇلىرى،
تاشتىن-تاشقا زۇمرەت چىچىپ ئويناقشىپ ئاقار.
ئارىشاڭلارنىڭ سەھەردىكى سۇ ۋە هورلىرى،
كۆك ئاسمانغا زىننەت بېرىپ ئاق بېزەك تاقار.

ئۇيۇر-ئۇيۇر مال-چارۋىلار ئوتلار يايلاقتا،
تېمەنلىكتىن، سېمىزلىكتىن سەكرىشىپ هەريان؛
جۇپ شوللار ئەكس ئېتىدۇ زىلال بۇلاقتا،
بامبۇكزارلىق مۇهەببەتكە خالىي بىر ماكان.

سارۋا[1] ئارتقان چاۋچىلار غەيرەتتە ئۇزەر،
چېۋەر قولى چېۋەرلىكتىن توقۇيدۇ كەشتە.
دىللىرىدا مول هوسۇلنىڭ تەقدىرى كېزەر،
شۇڭا يېگەر مۇشەققەتنى ئۇچرىغان يەردە.

---

[1] سارۋا—يىز ۋە چارۋىچىلىرىنىڭ تاغار شەكلىدىكى يامغۇرلۇق يېپىنچىسى.

www.uyghurkitap.com

گۆزەل ئەمەس، ئېسىل ئەمەس گۈللەر-غۇنچىلار،
ئەمگەكچىنىڭ كۈمۈش تەرى تاممىسا ئەگەر.
مېھنەت-بەخت، مېھنەت كۈچى نۇردەك چېچىلار،
ئۇنىڭ بىلەن مۇشۇ دالا گۈزەل شۇقەدەر.

* * *

ئۆز يولۇمغا ماڭغاندىمۇ قاراپ تويمىدىم،
كۆزلىرىمدە لىياڭشەن ئەكسى پارلار ئەڭ روشەن.
ھېسسىياتىم قوشاق تۇغدى، ناخشا توۋلىدىم،
يۈرىكىمدە مەڭگۈ قالدى شۇ گۈلزار-گۈلشەن.

1980-يىل 9-ئاي، چىڭدۇ-قەشقەر.

## كوچا سۈپۈرگۈچى قىز

قوللىرىڭدا ئۇزۇن سۈپۈرگە،
تىنىم تاپماي ئىشلەيسەن شۇنداق.
ئۇزىتىسەن قانچە كېچىنى،
قارشى ئېلىپ سەھەرنى ھەرۋاق.

قەھرىتان قىش، پىژغىرىم تومۇز،
قىلالمايدۇ غەيرىتىڭگە كار.
يامغۇر يۇيسا سۈمبۇل چېچىڭنى،
چەكسىز ھۇزۇر بېغىشلايدۇ قار.

يوللار جانان چىنىدەك پاكىز،
سېنىڭ تەرىڭ-مېھنىتىڭ بىلەن.
جۇلالىنىپ تۇرىدۇ مۇھىت،
ئەمگەك، ئەجرىڭ، ھىممىتىڭ بىلەن.

ياغار ساڭا رەھمەت، تەشەككۇر،
ئەل قەلبىدە ھۆرمىتىڭ تولۇق.
كىچىك چاغلاپ بولماس تۆھپەڭنى،
سەن بىلەن يول چاقنايدۇ نۇرلۇق.

قاچار، ئېھ قىز، سېنىڭ ئەجرىڭدە-
توپا-چاڭلار، يوقاپ كېسەللىك.
توپا-چاڭدا ئىشلەيسەن، ئەمما
سەن بىر گۈزەل پەرى مەسەللىك!

خىسلىتىڭدىن ئۈرگىلەي، جانان،
سەن-مېنىڭ ئۇلگەم يىللىق-ئەسىرلىك.
بەختىم ئىدى، بەرسەمتىم مەنمۇ،
قەلبىمىمدە ئىللەتنى يۇيۇپ-
خەلق دىلىغا روھى گۈزەللىك!

1980-يىل 11-ئاي، قەشقەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# نورۇز بۇلاق بويىدا

تەبىئەت ئويغاندى شېرىن ئۇيقۇدىن،
لەۋ يېقىپ كەلگەندە يېقىملىق شامال.
كۆكتە كۈن چاراقلاپ چاچتى ئالتۇن نۇر،
قەدىم يۇرت — ئوپالدا ئۆزگىچە بىر ھال.

تۈرنىلار سەپ تارتىپ كېلىشتى مانا،
باھارنىڭ ئەلچىسى — مېھمىنى بولۇپ.
زىلال سۇ كۆۋەجەپ ئاقتى ھەرياندىن،
جىرالار گوياكى شەربەتكە تولۇپ.

شۇ نورۇز بۇلاقمۇ كۈلدى ۋىلىقلاپ،
باھارنىڭ ئىلھامى، ساخاۋىتىدىن.
پەزىلەت ئىلاھى ئاچتى كەڭ قۇچاق،
ئىرپاننىڭ خىسلىتى، پاراغىتىدىن.

تاشلاندى بۇلاقتا نورۇز ناملار،
ئۇ — قەلبىنىڭ ئىزھارى، نامايەندىسى.
ئىلىمگە جان نىسار ئەيلىگەنلەرنىڭ،
ئىرادە بەلگىسى، ۋەدىنامىسى.

شۆھرەتلىك ئالىمغا ھۆرمەت، تەشەككۈر،
ئەڭ ئىزگۈ ئىخلاسى، ئەقىدىسى ھەم.
ئىپتىخار، غورۇرى، پەخىرلىك ھېسى،
شادلىقى، شەۋكىتى ئۇندا مۇجەسسەم.

ئەجەپمۇ قىزىدى نورۇز بايرىمى،
ئالىمنىڭ سىماسى ئايان بولاقتا.
«تۈركىي تىللار دىۋانى» دېگەن بۇ ھېكمەت،
قايتىدىن ياڭرىدى ھەربىر قولاقتا.

1981-يىل 3-ئاي، قەشقەر.

# يېڭى يىل شارابى

مەن شاراب ئىچمەيمەن (ئادىتىم شۇنداق)
بۇ مېنىڭ بەزمىدىن قاچقىنىم ئەمەس.
ياشلىقىم ھېسلىرى بىر ئەزىم دەريا،
قەلبىمدە جۇش ئۇرار خۇشاللىق پەۋەس.

يارانلار، قولۇمغا ئالدىم جۇپ قەدەھ،
بۇنىڭدىن قىلچىلىك بولماڭلار ھەيران.
خۇمارىم قىستىدى ئىچىشكە شاراب،
چۈنكى مەن يېڭى يىل قوينىدا مېھمان.

شۇ قەدەھ گوياكى بىر جاھاننەما،
كۆرۈندى ئۇنىڭدا ۋەتەننىڭ ھۆسنى:
ياشارغان تاغ-دالا، ياشنىغان باغلار،
گۈللەرگە پۈركەنگەن تۆت باھار پەسلى.

شۇ قەدەھ ئىچىدە بولدى نامايان،
شەرەپلىك مۇساپە، چاقماقلىق يوللار.
تامچە تەر ئورنىغا ئاققۇزغان ساپ قان،
جاپاكەش ئەمگەكچى، قاداقلىق قوللار.

شۇ قەدەھ ئىچىدە كۆرۈندى يەنە،
چولپاندەك نۇرانە بىر يورۇق رۇجەك.
بەختىمنىڭ سىماسى جۇلالاپ تۇرغان،
جەننەتۇل مەئۋادەك گۈزەل كېلەچەك!...

قۇي ساقى، شارابنى ئۇزۇلدۇرمەي قۇي،
قەدەھلەر لىق تولسۇن، قالمىسۇن يېرىم.
شۇ گۈلگۈن شارابتىن ئىچەي قانغىچە،
خۇشاللىق ئەۋجىدىن يايرىسۇن تېنىم.

بۇ ئاددىي مەي ئەمەس،
غەلىبە-زەپەرنىڭ
ھايات بەخش ئەتكۈچى شىپالىق سۈيى.



ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

مەنزىلگە ئات سالغان يولچى كارۋاننىڭ،
تۆتلىشىش جېڭىگە قەسەمىيات كۆيى.

1982-يىل 12-ئاي، قەشقەر.

# ئۆمۈر ئىزلىرىم

—«ئۆمۈر ئىزلىرى» ناملىق تۇنجى شېئىرلار توپلىمىمنىڭ
نەشر قىلىنىشى مۇناسىۋىتى بىلەن

ئەي مېنىڭ مۇبارەك «ئۆمۈر ئىزلىرى» م،
ئەي مېنىڭ قەلبىمدىن تامغان تامچىلار.
ئەي مېنىڭ ياشلىقىم، ياشلىق ھېسلىرىم،
ئەي مېنىڭ گۈللۈرۈم، سەبىي غۇنچىلار.

ئەمدىلا ئايىغى چىققان بالىدەك
شۇ «ئۆمۈر ئىزلىرى» چىقتى تالاغا.
قايسىبىر كىتابخان كۆرگەندۇ ئۇنى،
قايسىبىر ھەۋەسكار ئالغاندۇ قولغا؟!

غورىگىل بىر مېۋە بېرىپ قويغانغا،
ئەي ئېزىز ئوقۇرمەن ئۆيالدىم سىزدىن.
ۋە لېكىن، خەلقىمگە جاۋابىم تولۇق،
مەن باسقان ھەرقەدەم، ھەر ئىزگۇ ئىزدىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

ئايانكى شېئىرلىرىم ۋىجدان خىتابى،
ھەر مىسرا، ھەر چېكىت تۆرەلگەن قاندىن.
شېئىرىمنى ئالتۇنغا تىگىشمەيمەن ھېچ،
كەچسەم كېچىمەنكى بۇ ئەزىز جاندىن.

تارىخنىڭ يەكۈنى تارىختا ئايان:
خەلقىمگە ھېچ ۋاقتتا ئالايتمىدىم كۆز.
بوينۇمغا سىلىنسا ئەجەل سىرتمىقى،
شۇندىمۇ ساتمىدىم قۇرۇق ئەشئار-سۆز.

شېئىرىمدا ۋارقىراپ ئادىمىلىكتىن،
گۆكۆمدا تىمسقلاپ پۈتتۈرمىدىم ئىش.
ئىجادىم تۆپەيلى ياتقان كامىرلار،
گوياكى بىلىندى راھەتلىك بېھىش.

شۇ «ئۆمۈر ئىزلىرى»م ئاددىي ئىز ئەمەس،
ئىنسانلىقىمنىڭ يالدامىسى ئۇ.
شېئىر يازمىقىم ۋىجدان ئىشى، بەس[1]،
نەۋقىران ياشلىقىمنىڭ گۈلتاجىسى ئۇ.

نى قىسمەت، نى ئىشلار ئۆتمىدى باشتىن،

---

[1] بۇ مىسرا ت. ئېلىپيېۋنىڭ.

ئانا يۇرت-ماكانىم گۇۋاھ ھەممىگە.
خەلقنىڭ باھاسى لىللا تارازا،
ياخشىنى، يامانىنى سالار سەمىگە.

ئۆچىدۇ نى ئىزلار (ئۆچمەي قالمايدۇ)
ۋە لېكىن ئەل ئىچرە قالىدۇ ئىزىم.
شۇ ئىزنى بويلاپ قەدەم باسىدۇ،
كېيىنكى ئەۋلادىم، ئوغۇل ۋە قىزىم.

1983-يىل 5-ئاي، قەشقەر.

# ئەلۋىدا، باغۋەن

—قەشقەر ئۇيغۇر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ پېشقەدەم
ئوقۇتقۇچىسى ھەسەن غوپۇرغا تەزىيە

ئەلۋىدا، سىرداش-قېرىنداش، ساھىبقىرانىم، ئەلۋىدا،
ئەلۋىدا، دىلداش، پىكىرداش، دوستۇ يارانىم، ئەلۋىدا.

قىزىل دەريا بويىدىن ئاڭلانغاندا شۇم خەۋەر،
ئۆرتىنىپ سەكپارە بولدى تەندە جانىم، ئەلۋىدا.

ئاقتى كۆزدىن ياش-قىيان، ئېگىلدى باشلار ھەرتامان،
مۇسىبەت قۇچتى پەلەكنى ئاھۇ زارىم، ئەلۋىدا.

www.uyghurkitap.com

چاچ يۇلۇپ نوغۇچ تاياندى سادەت ئاتلىق جورىڭىز،
ئاتىڭىز قەددى پۈكۈلدى، بىئاخ خازانىم، ئەلۋىدا.

*　　*　　*

بولدى نامايان چېھرىڭىز، دىللاردا يالقۇن مېھرىڭىز،
كۆزىڭىز ئويناق بۇلاق، قاشى كامانىم، ئەلۋىدا.

مەردانە باغۋەن ئىدىڭىز ئىلمۇ-ئىرپان بېغىدا،
ئاۋازىڭىز بۇلبۇل ئىدى، خۇشخۇي زەبانىم ئەلۋىدا.

مارالبېشى دىياردا، قەشقەر-ئاغۇ باغرىدا،
قالدى مېھنەت-ئەجرىڭىز، تۆھپىكارىم، ئەلۋىدا.

مەرىپەت بابىدا ھەرگىز ئۆچمەيدۇ ئىزگۇ نامىڭىز،
ياش بوغۇنلار قەلبىدە سىز، ئارزۇ-ۋىسالىم، ئەلۋىدا.

سىزگە ئوخشاش شان قۇچۇپ يۈمسا ھەركىم كۆزىنى،
غۇرۇرلىنىپ ئاچار قۇچاق ۋەتەن دىيارىم، ئەلۋىدا.

قەبرىڭىزدىن گۈل ئۈنۈپ قاناتلانسۇن روھىڭىز،
ئەل-جامائەت نامىدىن شېئىرىي كالامىم، ئەلۋىدا.

1984-يىل 2-ئاي، قەشقەر.

# كۆچەت ۋە باغۋەن

مېھنەت-ئەجرىمدىن ئۆستۈردۈم كۆچەت،
سەرۋى قامىتى كۆككە تاقاشقان.
ئالتۇن ياپراقلار تاشلىسا سايە،
قىرچىن شاخچىلار بەس-بەستە ئۆزغان.

قارىسا كىمكى قاماشقان كۆزى،
تۈپ-تۈز ئۆسكەن ئاشۇ كۆچەتكە؛
كۆڭۈل مېھرى ئوت بولۇپ يانغان،
گوياكى رەڭدار گۈلگۈن سۈرەتكە.

كۆچەت ئەتراپى گۈللۈك-چىمەنلىك،
خۇش ھىد توشۇيدۇ شاماللار تىنماي.
گۈزەللىك بۇندا مۇجەسسەملەشكەن،
بۇلبۇل سايرايدۇ قېنىغا سىغماي...

تۇشمۇتۇشتىن ياڭرايدۇ سادا:
”باغ ئەجەپ كۆركەم، كۆچەتمۇ ئاندىن؛
قايسى باغۋەن قىلغاندۇ پەرۋىش،
مېھنىتىنى سىڭدۈرۈپ جاندىن؟!“

بەخت بۇنىڭدىن ئارتۇق سانالماس،
ھەرقەلب تۆرىدە نۇر بوپ تارالسام.
ئەلگە يارامىلىق كۆچەت ئۆستۈرۈپ،
خەلقىم تىلىدا باغۋەن ئاتالسام.

1984-يىل 10-ئاي، قەشقەر.

## باھار پەسلى

تەبىئەت ئويغىنىپ گۈزەل ناز بىلەن،
باھاردىن ھۆسنىگە كۆزمۇنچاق تاقتى.
باش ئەگىز سۇلىرى تولدى جىراغا،
ئېرىقتا، ئۆستەڭدە لەپىلەپ ئاقتى.

نەۋباھار شامىلى سىپىلاپ لەرزان،
دەل-دەرەخ بېشىغا سالدى لىچەكنى.
گوياكى نازىنىن قىزنىڭ لېۋىدەك،
ئاچقۇزدى ھەرياندا غۇنچە— چېچەكنى.

نەغمىچى قۇشلارمۇ چالدى سازىنى،
قاراڭغۇ باغلاردا كاككۇكنىڭ ئۈنى.
ئالتۇن باش كېپىنەك شورايدۇ نىكتار،
مەھلىيا شەپەرەڭ كېچىسى-تۈنى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

باھارنىڭ خىسلىتى، نېمىتى تولا،
ياز پەسلى مولچىلىق، ئەلۋەكتۇر، سېخىي.
شېرىنسى ئاستىغا تېمىپ تۇرىدۇ،
ئىگىلگەن تۆۋەنگە ھەر مېۋە شېخى.

شۇڭا مەن باھارنى ياخشى كۆرىمەن،
مەن باھار ئاشىقى، باھار بالىسى.
كۆيلىسەم باھاردىن ئۆزگە كۆيۈم يوق،
شۇ سەۋەب تىترەيدۇ قەلبىم تارىسى.

شۇ باھار مېنىڭكى تەشنا دىلىمغا،
گۈزەللىك تۇيغۇسى ئەيلىدى بەخش.
تەبىئەت باھارى گۈزەل بولسىمۇ،
ۋە لېكىن مەن ئاڭا ئويىمەن نەقش.

1986-يىل 4-ئاي، قەشقەر.

## بال يېدىم

تامغالىدا— گۈزەل يايلاقتا،
دوستلار بىلەن بولدۇم شاد مېھمان.
ئاق ساقاللىق مېھمان دوست قازاق،
ئالدىمىزغا سالدى داستىخان.

بىردەم يېپسەك بىيە[1] گۆشىدىن،
بەس-بەس بىلەن ئوتلىدۇق قىمىز.
سارماي، قايماق، ئايراننىڭ تەمى،
جاۋغاي قۇرۇپ، تولدۇردى ئىچىمىز.

ھەمسات ئۆتمەي ساھىبخان ماڭا،
بال كەلتۈردى يوغان چىنىدە.
ئىشتىھادا ئوتلىغان ئىدىم،
بال شەربىتى ئاقتى تېنىمدە.

بال يېدىم،
قەنت-ناۋات يېدىم،
تىلىمدا دەم زەمزەم لەززىتى.
ئارزۇيۇم شۇ: ئەجرىمدىن ئەلگە
بەھىر بەرسەم بال ھەرە كەبى.

1986-يىل 8-ئاي، غۇلجا.

① بىيە—ئەزىز مېھمانغا ئاتاپ سويۇلىدىغان قىسىر بايتال.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئىزىڭ ئۆچمەيدۇ

تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىن مەشھۇر ۋەتەنپەرۋەر شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ قەدىمىي ئۆي-جايىنى زىيارەت قىلغىلى كېلىپ، ھېچنېمىنى كۆرەلمەي، ئۆكۈنۈش ئىچىدە قايتتىم.

كۆرگەندە مۇبارەك كۇلبەڭ ئىزىنى،
ئېھتىرام-ھۆرمەتتە ئېگىلدى بۇ باش.
تېنىمدە شۇرقىراپ ئاقتى بىر سېزىم،
ئۆپكىدەپ كۆزۈمگە كەلدى ئىسسىق ياش.

كەلدى چىغ مەھەللە تەرەپتىن نىدا:
”مۇتەللىپ بۇ يەردە ئۆسۈپ چوڭ بولغان“.
ئاۋرالنىڭ چوققىسى ئاڭا جور بولدى:
”مۇتەللىپ شۇ يەردە ئەقىلگە تولغان!“

گۈللەرمۇ پىچىرلاپ ئېيتتى ساباغا:
”شائىرنىڭ قەلبىدە گۈزەللىك تولۇق“.
ئاسمانغا بوي سوزغان قارىغاي دېدى:
”ئىرادە، ئىستىكى ئېسىل ۋە ئۇلۇغ“.

شاماللار ۋاراقلاپ تارىخ بېتىنى،
شائىر قىسسىسىنى ئەيلىدى بايان:
”جان نىسار قىلدى ئۇ ۋەتەن-ئەل ئۈچۈن،
بۇ قىسسە جاھانغا قوياشتەك ئايان.

شۇم ئەجەل سوزغاندا ئىبلىس قولىنى،
كۆزىنى نەم قىلىپ تامچە ياش تۆكمەي؛
گوياكى شۇڭقاردەك كەردى كۆكرەكنى،
شۇ ۋەھشىي مەلئۇنغا قىلچە تىز پۈكمەي.

يېرى يوق يوقسۇلنىڭ يېرى بولسۇن دەپ،
ھەم ئىگە قىلىشقا ئۆيگە-ماكانغا،
شۇ سەۋەب تۆپەيلى چەكتى رىيازەت،
مىڭلەندى ۋۇجۇدى زەرداپقا، قانغا...“

سەندە يوق شەخسىيەت، شائىر مۇتەللىپ،
ۋە لېكىن ئۆي-ماكان بولمىسا بولماس.
بارلىقى ۋەتەنگە ئاتالغان پەرزەنت،
ئەل-يۇرتىنىڭ بەھرىگە تولمىسا بولماس.

ئاھ، نىچۈك ئۆيۈڭنى تاپالماي قالدىم،
قېنى ئۇ سەن چىققان ئىشىك-دالانلار؟
قېنى ئۇ گۈللەرگە تولغان باراڭلىق،
ھە ئۇنى ئېپكەتتى قايسى بورانلار؟!

نېمىشقا پەرۋىشلەپ قالمىدى بىراۋ،
”شائىرنىڭ ئۆيى بۇ“ دەپ ئۇلۇغ بىلىپ؟
تاۋاپقا كەلگەنگە، ياش بوغۇنلارغا
كۆرسەتسە بولمامتى تەۋەررۇك قىلىپ؟!

*　　*　　*

كۆرگەندە ئۆيۈڭنىڭ ئىزىنى، شائىر،
ئېھتىرام-ھۆرمەتتە ئىگىلدى بېشىم.
قەلبىمنى مۇجىدى پۇشايمان، ھەسرەت،
كۆزۈمدىن سىرغىدى يامغۇردەك يېشىم...

گەر يىللار، ئەسىرلەر كارۋىنى ئۆتسۇن،
ئاۋازىڭنىڭ تاغلىرى ھەرگىز كۆچمەيدۇ.
قاش دەريا مەڭگۈگە ئاقماس ئارقىغا،
ئېھ شائىر مۇتەللىپ، ئىزىڭ ئۆچمەيدۇ!

1986-يىل 9-ئاي، غۇلجا.

# شېئىرلىرىڭنى كۆرەي، ئەمما...

شېئىرلىرىڭ تولىمۇ ئېسىل،
ساداسىدۇر ئوتلۇق يۈرەكنىڭ.
ئۇندا مەۋجۇد باھار بىلەن ياز،
ئەندازىدۇر غۇنچە-پورەكنىڭ.

شېئىرلىرىڭنى كۆرەي، لېكىن
زورلىمىغىن دىدار كۆرۈشكە.
شېئىرلىرىڭنى كۆرگەندەك گويا،
ئۆزۈڭنىمۇ شۇنداق سۆيۈشكە.

ئېھ شائىرىم، ئېيتقىن، نېمىشقا
دىلىڭ بىلەن تىلىڭ بىر ئەمەس؟!
ئەمدى بىلدىم شۇ ھەقىقەتنى،
شائىرلىقتىن ئادەم بولماق تەس!

1987-يىل 3-ئاي، قەشقەر.

# قەبرە بېشىدا

جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىغا قاراشلىق 12-
دوختۇرخانىنىڭ دوختۇرى، خەلقنى سۆيۈشتىكى مەشھۇر
نەمۇنچى مەرھۇم جاڭ يۇخۇاغا بېغىشلايمەن

يەر-ئاسمان ئاپئاق قار، نەشتەردەك سوغۇق،
قۇلاقنى ئۇچۇرار ئىزغىرىن شامال.
مەقبەرە بېشىدا يىغلايدۇ ئۆكسۈپ
(قۇچاقتا پەرزەنتى) بىر ساھىبجامال.

يىغىنىڭ ئاۋازى مازارلىق ئىچرە،
ئاڭلىنار ھەريانغا، يىراق-يىراققا.
يۈرەكنى تىترىتىپ پىغانلىق نالەش،
كىشىنى سالىدۇ ھىجران-پىراققا.

بەقەمدەك قىزارغان ئويناق قارچۇقلار،
ياش بىزى قۇرىغان كۆزلەرنى نەمدەپ.
ئاپئاق قوللىرىدا سىيلىغاچ ئاستا،
سۆيۈپ تويمايدۇ قەبرىنى ھە دەپ.

ئاھ، كىمدۇ بۇ تۇپراق باغرىدا ياتقان؟
ئاھ، كىمدۇ ئايالنىڭ مېھرىنى تارتقان؟
جان-جىگەر قېرىنداش، تۇغقىنىمىدۇ،
قەلبىدە شۇنچىلا سېغىنىش ئارتقان؟!

ھازىدار ئەتراپقا تاشلىدى نەزەر،
مەرھۇمنىڭ ئىشىنى ئەسلەپ بىر پەستە.
ياغلىقتا ئورالغان يىگىننى تۇتۇپ،
قەبرىنىڭ بېشىغا قويدى گۈلدەستە.

* * *

روزىگۈل سەرۋى بوي، گۈزەل قىز ئىدى،
ۋەلېكىن گاس بولغاچ، يىگىتلەر قاچقان.
ئانىنى مۇكچەيتكەن قىزنىڭ تەقدىرى،
داخانلار دەم سېلىپ، تولا پال ئاچقان.

نە سەۋەب بۇ يۇرتتا بولمىغان داۋا،
ئاڭلانماس قۇلاققا ھېچنېمە ئۈنى.
قىز قەلبى ئۆرتەنگەن بۇ مالامەتتىن،
نالىسى توختىماس كۈندۈزى-تۈنى.

بىر كۈنى ئارمىيە تىببىي ئەترىتى،
كەپقالدى روزىگۈل تۇرغان مەلىگە.
ئاق خالات كىيىشكەن ھۆر-پەرىشتىلەر،
ياغدۇردى شاپائەت دېھقان ئەھلىگە.

داۋالاش ئۈيىگە كەلدى جاڭ دوختۇر،
كۈمۈش رەڭ يىڭنىنى ئېلىپ قولىغا.
ئىمارە-ئىشارە ئىشلىتىپ يۈرۈپ،
كۆندۈردى بىمارنى ئوكۇل-دورىغا...

كالىندار ۋارىقى ئۆرۈلدى يەتمىش،
دوختۇرنىڭ قولى ھېچ توختىماس ئىشتىن.
خىسلەتلىك يىڭنىلەر ئايلاندى مىڭ رەت،
روزىگۈل شادلاندى سەزگۈ-تىۋىشتىن.

شۇ مەزگىل روزىگۈل ئىدى ئېغىر بوي،
قىز بەختى ئېچىلىپ بولغان نىكاھلىق.
جاڭ دوختۇر قاتنىدى ئۇنىڭ ئۆيىگە،
گەر چارچاپ كەتسىمۇ بولماي ئاراملىق...



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ساقايدى ئاخىرى قىزنىڭ كېسىلى،
ئاڭلاندى قۇلاققا ئانىنىڭ سۆزى.
روزىگۇل رەھمەتكە تاپالماي بىر سۆز،
خۇشاللىق يېشىغا تولدى قوي كۆزى.

كۆيۈمچان دوختۇرنىڭ مۇبارەك نامى،
يېزا ئاسمىنىدا چاقنىدى-قالدى.
چىن دوستلۇق خىسلىتى، مېھرىبانلىقى،
خەلقنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالدى!

* * *

روزىگۇل قولىدا ياغلىقنى تۇتۇپ،
مەقبەرە بېشىغا قويدى گۇلدەستە.
بالىغا تاپىلاپ يۈرەك سۆزىنى،
كۆزى ياش ئايرىلدى قەبرىدىن ئەستە.

1988-يىل 8-ئاي، قەشقەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# بىر شائىرنىڭ ھەسرىتى

ئاخشام بىرسى ئۆز-ئۆزىدىن ماختاندى،
"شېئىرلىرىم شېئىرىيەت گۈلى" دەپ.
ئاچچىقلىنىپ ماڭا، تازا دادلاندى:
"بىرىلمىدى شان-شەرەپنىڭ تۆرى" دەپ.

تۇۋا دەيمەن، ئۆزنى ماختاش نەھاجەت،
كەلدى بۇ ئوي قانداق ئۇنىڭ ئېڭىغا؟
شېئىرلىرىنى سىلىپ كۆرسە بولمامدۇ،
خەلقنىڭ كۆڭۈل تارازىسى-جىڭىغا؟!

1988-يىل 11-ئاي، قەشقەر.

# بۆرىنىڭ پەيلى

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئاساسىدا

ئۆز يۇرتىدىن بۆرە بەكمۇ ئاغرىنىپ،
يۇرەك-باغرى گويا ئوتتا داغلىنىپ؛

ياقا يۇرتقا كەتمەك بوپتۇ ئاخىرى،
يېرىم يولدا ئۇچراپ دەپتۇ بىر قېرى:

—نەگە ماڭدىڭ بۇنچە سەھەر، سەن ئۆزۈڭ،
غەلىتىلا كۆرۈنىدۇ باش-كۆزۈڭ؟

—ئوۋچى ئېتىپ ماڭا مىلتىق، ھارمايدۇ،
پادىچىلار قاپقان قۇرۇپ تىنمايدۇ.

چىدىدىم ماڭا كەلگەن خەتەرگە،
شۇڭا چىقتىم بەخت ئىزدەپ سەپەرگە.

—نەگە بارساڭ چىشىڭ بىللە بارامدۇ؟
دەپتۇ قېرى: —ياكى بۇ رەت قالامدۇ؟

بۆرە دەپتۇ كۇلۇپ كېتىپ خارخىراپ:
—چىشسىز مېنىڭ ھالىم بەتەر، بەك خاراب.

—خوي-پەيلىڭدىن گۆرگە مەھكۇم، خەيلىسەن،
خوۋلۇق يوقتۇر نەگە بارساڭ مەيلى سەن.

1989-يىل 1-ئاي، قەشقەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئانام-ئانام

—خەلق ناخشىسى ئىزىدىن

ئورۇن تۇتۇپ ياتقاندا، ئانام-ئانام،
ئارام ئالدى دەپتىمەن، ئانام-ئانام.
جان سەكراتقا چۈشكەندە، ئانام-ئانام،
مەڭدەپ قالدى دەپتىمەن، ئانام-ئانام.

كۆزلىرىنى يۇمغاندا، ئانام-ئانام،
ئويغا پاتتى دەپتىمەن، ئانام-ئانام.
ئېڭىكىنى تاڭغاندا، ئانام-ئانام،
چىشى ئاغرىدى دەپتىمەن، ئانام-ئانام.

تاختىراۋانغا چىققاندا، ئانام-ئانام،
تەرەت ئالدى دەپتىمەن، ئانام-ئانام.
كېپەنلىككە ئالغاندا، ئانام-ئانام،
ئېگىن كىيدى دەپتىمەن، ئانام-ئانام.

جىنازىدا ماڭغاندا، ئانام-ئانام،
مەيگە چىقتى دەپتىمەن، ئانام-ئانام.
قەبرىستانغا كەلگەندە، ئانام-ئانام،
كۆرگىلى كەلدى دەپتىمەن، ئانام-ئانام.

ھازىرنى ئاچقاندا، ئانام-ئانام،
باغرى كاۋاپ دەپتىمەن، ئانام-ئانام.
قول كۆتەرسە دۇئاغا، ئانام-ئانام،
تاپتى ساۋاب دەپتىمەنئانام-ئانام.

ئۆلۈپ كېتەر دېمەپتىم، ئانام-ئانام،
مۇنداق ئويدا بولماپتىم، ئانام-ئانام.
بىلگەن بولسام ئەگەردە، ئانام-ئانام،
مەنمۇ بىللە كەتمەمتىم، ئانام-ئانام.

گۆر-لەھەتنى قازغىچە، ئانام-ئانام،
كەتمەنلەر سۇنۇپ كەتتى، ئانام-ئانام.
شۇ ئانامنىڭ ھەسرىتى، ئانام-ئانام،
جېنىمدىن ئۆتۈپ كەتتى، ئانام-ئانام.

مەن ئانامدىن ئايرىلىپ، ئانام-ئانام،
قاناتىمدىن قايرىلدىم، ئانام-ئانام.
يېتىمچىلىك دەستىدىن، ئانام-ئانام،
نان ئورنىغا غەم يېدىم، ئانام-ئانام.

كېچە-كۈندۈز يىغلىسام، ئانام-ئانام،
كەلمەس ھەرگىز ئورنىغا، ئانام-ئانام.
ياخشى ئىشلەپ تەر تۆكۈپ، ئانام-ئانام،
دۇئا ئەيلەي روھىغا، ئانام-ئانام.

تىلىكىڭنى ھەر دائىم، ئانام-ئانام،
يۈرىكىمدە ساقلايمەن، ئانام-ئانام.
جاننى ئاتاپ خەلقىمگە، ئانام-ئانام،
ئۈمىدىڭنى ئاقلايمەن، ئانام-ئانام.

1989-يىل 2-ئاي، قەشقەر.

## ۋەتەن سۈرىتى

ۋەتەننىڭ ھۆسنىنى ئالدىم ئەندازغا،
بىر ئۇلۇغ ئارزۇنى دىلىمغا پۈكۈپ.
ئىجادنىڭ ئىشقىدا بولۇپ پەرۋانە،
ئىلھام دېڭىزىدا ئۈزدۈم، گاھ چۆكۈپ.

شۇ ئانا دىيارنىڭ گۈزەل سىيماسى،
مەن سىزغان رەسىمدە كۆرۈندى روشەن.
ئالتۇن باش چوققىلار، بۇژغۇن دەريالار،
گۈلزارلىق ۋادىلار ئوتقاشتەك گۈلشەن.

جۇپ سىزىق بەلگىسى—ئوت هارۋا يولى،
بولۇتنى سۆيگىنى زاۋۇت-فابرىكا.
قىپقىزىل بايراقچە-نېفىتلىك ئورنى،
سەرەڭگە قېپىدەك تۇرغىنى بىنا.

ئاسماندا ئۇچقىنى قۇش ئەمەس، دۇلدۇل،
ئىختىرا قىلىنغان كۈمۈش لاچىنلار.
دۇنياغا تارقىلار سۈنئىي ھەمراھتىن،
ئەڭ يېڭى مەلۇمات، سىپىرلار-سانلار.

چىراغلار مەكتەپتىن ئىما-ئىشارە،
چاقنىتار كۆزلەرنى ئىرپان يۇلتۇزى.
ئۇيۇقنىڭ تۆرىدە رەھنىما قۇياش،
نۇر چاچار ھەريانغا كېچە-كۈندۈزى.

ئېھ، ئەجەپ ئۇتۇقلۇق چىقتى ئەمگىكىم،
سەنئەتنىڭ جەۋھىرى بولغاچ مۇجەسسەم.
خۇشلۇقۇم ۋەتەننىڭ گۈلگۈن رۇخسارى،
شۇ رەسىم يۈزىدە پارلىدى دەرقەم.

ۋەلېكىن رەسىمگە زەن سېلىپ ئۇزاق،
سىزىشتىن يالتايدىم قويۇپ بىر توچكا.
ۋەتەننىڭ ياشنىغان ھۆسنى ئالدىدا،
سىزغىنىم بوپقاپتۇ كەمتۈك ھەم چالا.

ئىسلاھات شاملى يايغاچ كەڭ ئېتەك،
ھەريان‌دا قۇرۇلۇش، يېڭى ئىمارەت.
سۇرئەتتە قالدۇرۇپ جاھاننى ھاڭ-تاڭ،
ھەر دەقىق ئۆزگىرىش ئىكەن كارامەت.

قەلىمىم ئاجىزلىق قىلدى (نە ئامال؟)
شۇ قۇتلۇق رەسىمنى قايتىدىن سىزاي.
ئىسلاھات ئېپكەلگەن غەلىبە-ئۇتۇققا،
ئىجادىم بېغىدىن گۈلدەستە تىزاي.

1990-يىل 10-ئاي، ئۈرۈمچى.

## بايرام كۈنى

دەرۋازىدا رەڭدار پانۇسلار،
بايرام تۈسى ئالغان ھەممە ياق.
بېسىلمايدۇ پوجاڭزا ئۈنى،
چېقىلغاندەك گوياكى چاقماق.

شتاب ئىچى شادلىققا تولغان،
دەم ئېلىشقا بېرىلگەن بۇيرۇق.
لېكىن، قىسىم ئاشخانىسىدا،
ئىش توختىماس (ھەممەيلەن تولۇق).

شۇ چاغ كومىسسار كەلدى بۇ يەرگە،
خۇش تەبەسسۇم-سالامى بىلەن.
ئاشپەزلەردىن ھال سوراپ قىزغىن،
ئېيتتى ئىززەت-ئىكرامى بىلەن:

—كۆپنى كۆزلەپ چەكتىڭلار جاپا،
تۈزۈككىنە ئالماستىن ئارام.
كۆرمىدىڭلار كىنو-تىياتىر،
ئوخشاش بولدى ئىش ۋاقتى-بايرام.

شۇڭا بىر ئاز ياردەملىشەي دەپ،
كەلدىم بۈگۈن سىلەرنىڭ بەنگە.
ئۆرنەك قىلىپ ئىش-ئىزىڭلارنى،
ئالاي دەيمەن خاتىرە-ئەنگە. . .

—رەھمەت كومىسسار، سىز ئارام ئېلىڭ،
پېشقەدەم سىز، قېرىپ قالدىڭىز—
دېدى ئۇلار يۈرەك قېتىدىن،—
بىزگە يەنە ئىلھام بەردىڭىز. . .

كومىسسار دەرھال سۈندى بېلەتنى،
”ئويۇننىڭ“ دەپ ئىككى ئۇستامغا.
ئاق خالاتنى كىيىپ ئالدىراش،
«ئىش تەقسىملەڭ» دېدى بەنجاڭغا.

ھاڭ-تاڭ قېلىپ بەنجاڭ شۇ تاپتا،
كۆزىدە ياش تۈرۈپلا قالدى.
ئاشخانىغا سېلىپ بىر نەزەر،
كومىسسار قولغا قىڭراقنى ئالدى.

سەي توغراشقا، خېمىر ئېتىشكە
شۇنچە ئەپلىك ئىدى قوللىرى.
(ئاشپەزلىكنى ئۆگەنگەن كومىسسار
ئەسلى ئاشۇ ئۇرۇش يىللىرى).

كومىسسار بىلەن جەڭچىلەر قەلبى،
ھاياجانغا تولدى لىقمۇلىق.
قېرىنداشلىق رىشتى ئۇلاندى،
قوشۇلغاندەك سۇ بىلەن بېلىق.

”قايتىپ كەپتۇ يەنئەن ئىستىلى!“
دېگەن سادا ئۆرلىدى كۆككە.
بايرامدىكى ئېسىل پەزىلەت،
نۇر تاراتتى ھەربىر يۈرەككە.

1991-يىل 2-ئاي، قەشقەر.

# بىر قېتىم...

ئۇچراشقاندا يۈرەك گۈپۈلدەپ،
تومۇرلاردا ئۆركەشلىدى قان.
مۇڭداشقىدەك ھېچ بىرگەپ يوقتەك،
ھەر ئىككىمىز سۈرمىدۇق زۇۋان.

ئاستا كېلىپ، سۆيدۈڭ بىر قېتىم،
شۇندىن بۇيان كۆرۈنمەي قالدىڭ.
شۇ سۆيۈشنىڭ كەتمىدى تەمى،
شۇ بىر قېتىمدا جېنىمنى ئالدىڭ!...

1991-يىل 7-ئاي، قەشقەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# ئانىسىنى يوْدوْۋاپتوْ ئوْ

— ئازادە كىيىنگەن يىگىتنىڭ كىسەللىك ئازابىدىن ئىڭراشقىمۇ ماداري قالمىغان ئاق چاچلىق ئانىسىنى يوْدوْپ ھالسىراپ ـ ھۆمىدەپ دوختۇرخانا بىناسىنىڭ يۇقىرى قەۋىتىگە چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن بىر قىز: «توۋا، ئانىسىنى يوْدوْۋاپتوْ ئوْ» دەپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويىدى.

ئانىسىنى يوْدوْپتوْ ئەپچىل،
بالىلىق بۇرچ-مېھرى بىلەن ئوْ.
كۆرگەنلەرگە ئايدەك كۆرۈندى،
گۈزەل خىسلەت، چېھرى بىلەن ئوْ.

جان رىشتىدىن تۇغۇلسا ئوغۇل،
ئانا ئۇنى بىلگەن بەك ئەزىز.
بىر قەرنەنى شۇنداق ئۆتكۈزگەن،
ئۆزى تاش يەپ، ئۇغلى قەنت-مېغىز.

مانا ئەمدى ئانا ياشاندى،
پۇت-قولىدىن كەتتى كۈچ-مادار.
رودۇپايدەك كېسەل چاپلاشتى،
كۆز يۇمبايدۇ كېچىسى زىنھار.

ئوغلى بوگون كەلدى دوختۇرغا
ئاشۇ نىمجان ئانىنى يۆدەپ.
پېشانىدىن ئاقتى مونچاق تەر،
داۋا ئىزدەپ، شىپالىق كۈتۈپ.

ئانىسىنى كۆتۈرسۇن يىگىت،
ئانا رازى بولغانغا قەدەر.
ئانا قەرزى تۈگىمەس تېخى،
يۆدەپ بارسا ھەرەمگە ئەگەر.

1992-يىل 2-ئاي، قەشقەر.

## گۈلدەستىگە گۈلدەستە

«قەشقەر گېزىتى» نىڭ «قەشقەر گۈلزارى» ئەدەبىيات بېتى-رەڭگا-رەڭ گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلغان، خۇشناۋا بۇلبۇللىرى سايراپ تۇرغان جەزبىدار باغ. ئۇنىڭ 1000سان چىققانلىقى—باشقا مۇھەررىرلەر قاتارىدا مۇشۇ بەت ئۈچۈن 30 يىل ئەجىر سىڭدۈرگەن ماڭىمۇ چەكسىز خۇشاللىق بېغىشلىدى ھەمدە مۇشۇ بەتنى ياخشى چىقىرىش ئۈچۈن تارتقان جاپالىرىمنى، تارتقان رىيازەتلىرىمنى ئۇنتۇلدۇردى، بەلكى چەكسىز راھەت، ئىپتىخارلىنىش، بەختىيارلىق ھېس قىلدۇردى. بۇ، گويا ئۆز قولى بىلەن كۆچەت قويۇپ مېۋىسىنى يېگەن دېھقانىنىڭ خۇشاللىقىغا؛ گويا سۇ باشلاپ كېلىپ، چۆل-باياۋانلارنى كۆكەرتىپ بەھرى تاپقان باھادىرنىڭ شادلىقىغا؛ گويا ئۆز بېغىدا خىلمۇخىل گۈللەرنى ئۆستۈرۈپ، ئۇنىڭدىن سەرخىل گۈلدەستىلەرنى تۈزۈپ ھۇزۇرلانغان باغۋەننىڭ ھاردۇق چىقىرى-

شغا ئوخشايتتى. . . ئاشۇ ھېسسىيات تۇپەيلى قەلىمىم ئاق قەغەز ئۈستى-
دە شىتىرلاپ مېڭىشقا باشلىدى:

گۈل دېسەم، گۈلزار دېسەم كۆز ئالدىمدا سەن ھامان،
سەن گۈللەرنىڭ سەرخىلى، گۈلزارلىقتىن ئۈزماكان.

سۆيۈندۈردى ھەممىنى بۇگۈن سېنىڭ مىڭ سانىڭ،
مىڭ ساندىن مىڭ ئارتۇقتۇر شەرىپىڭ، شەرەپ—شانىڭ.

چۈنكى، سەندە چېچەكلەپ ئۆستى ئىجاد نوتىسى،
تۆھپىكارلار ئۆرلىسە، بولدۇڭ ئۆرلەش شوتىسى.

خۇشال-خۇرام سايرىدى قوينۇڭدا شوخ بۇلبۇللار،
چۈشتى راسا بەيگىگە ئىجادكارلار، دۇلدۇللار.

ئابىھايات سۇيۇڭدە تەشنالىقنى قاندۇردۇڭ،
ئىسلاھاتنىڭ كۆيىدە دىلغا چىراغ ياندۇردۇڭ.

تەھرىرلىرىڭ گوياكى ئىشچان ھەسەل ھەرىسى،
خالىس نىيەت، ئاق كۆڭۈل پەرىشتىلەر پەرىسى.

مەنمۇ تامچە تەر تۆكتۈم—سەھىپەڭگە-قوينۇڭغا،
شۇ ئىپتىخار تۇپەيلى كەلدىم تەبرىك تويۇڭغا.

يۈركىمدىن ئىزدىمەن گۈلدەستىگە گۈلدەستە.
”گۈلزار“يەنە گۈللىسۇن دېگەن ئارزۇ — ھەۋەستە.

1992-يىل 8-ئاي، قەشقەر.

# گۈزەللىك ئىلاھى

قەلبى يالقۇن، قولى گۈل سېھىرلىك زاۋۇت ئىشچىسى،
تاشتىن گۆھەر ياسىغان خىسلىتىڭدىن ئايلىناي.
ئەمگەك-تىرىلىك ھەرتامان تۇرسا كۈندەك جۇلالاپ،
سېنى نىچۈك ناخشامدا مەدھىيىلىمەي-داغلىماي؟!

كۆز ئالدىمدا نامايان سېنىڭ ئوتلۇق رۇخسارىڭ،
سېھرىلىك يولدا بەھوزۇر سەيلە قىلىپ يۈرگەندە.
كۆك بىلەن بوي تالاشقان قەۋەت-قەۋەت بىنادا،
يازدا سالقىن، قىشتا ئىسسىق راھەت تۇرمۇش سۈرگەندە.

توختىمىغان توغانلار تۈگەللىنىپ چەمبەرچاس،
ئۈستۈڭدە سۇ لەببەلەپ ئۆركەش ياساپ ئاققاندا.
پايانى يوق چۆل-سايدا ستولبىلار رەتمۇرەت،
سىم تاناپتىن نۇر ئېقىپ، ئاي-يۇلتۇزلار باققاندا...

يادىمدا سەن ھەممە ۋاخ سېھرىلىك زاۋۇت ئىشچىسى،
سەن گۈزەللىك ئىلاھى، سەن گۈزەللىك ئەلچىسى.

كۆركەم ئەمەس گۈلباھار سېنىڭ مېھنەت-ئەجرىڭسىز،
سەن باھارغا سىن بەرگەن ئىشچانلارنىڭ سەركىسى.

شۇڭا ساڭا يۈرەكتىن تاشقىنلايدۇ بۇلاقتەك
تەشەككۈرۈم-رەھمىتىم، ئىززەت-ئىكرام، ھۆرمىتىم.
ئەلگە قوشقان تۆھپەڭگە ئوقۇپ تەھسىن-ئاپىرىن،
شۇ دەقىقە بۇ نەزمەم نورۇزلۇقۇم-سوۋغىتىم.

1993-يىل 3-ئاي، قەشقەر.

# ھىجران يېمىشلىرى

(چاتما)

## كەلدىم ئاتىجان، كەلدىم ئاكىجان

—چەت ئەلدىكى 50 يىلدىن كېيىن دىدار كۆرۈشكەن تۇغقىنىم
بىلەن دىدارلىشىش خاتىرىسىگە بېغىشلايمەن

ئاتا ئىشقىنى يۈرەككە تېڭىپ،
ھىجران دەردىنى تالاي يىل يېڭىپ،
تۇغقان مېھرىنى بىباھا بىلىپ،
ئۆزۈن سەپەرگە يول-سەپەر ئېلىپ؛



www.uyghurkitap.com

كەلدىم ئاتىجان، كەلدىم ئاكىجان،
سىز ماڭا جان-جىگەر جاندىن جانىجان.

تەقدىرى قىسمەت بىزنى ئايرىغان،
قانىتىمىزنى بوغقان، قايرىغان،
سىز ئەنجاندا تەلمۈرۈپ قالغان،
مەن قەشقەردە ئۆسكەن، چوڭ بولغان؛
كەلدىم ئاتىجان، كەلدىم ئاكىجان،
ماڭا پەدەرسىز، تۇغقان مېھرىبان.

دادام ئاقسۇدا يۇمغان كۆزىنى،
(ئەزرائىل ۋاقىتسىز ئۈزگەن ئۆزىنى)،
كۆرەلمىگەنمەن نۇرلۇق يۈزىنى،
ھەم ئىشتەلمىگەن ۋەسىيەت-سۆزىنى؛
شۇنداق كەچمىشلەر بولغان ئاتىجان،
كۆزىمىز ياشقا لىق تولغان ئاكىجان.

ۋەلېكىن دەپتۇ دادام: "گېپىم بار،
ئابلىز ئىسىملىك تايچاق-ئېتىم بار؛
شۇ ئەزىزىم بولمىسۇن خار-زار،
ئاكىسى ئاڭا بولغاي يۆلەك-يار".
كارۋان يەتكۈزگەن بۇنى ئاتىجان،
دىلدا ساقلىدىم ئۇنى، ئاكىجان.

يىتىملىك دەردى يۈرەكنى ئەزدى،
ئاھۇ-پىغانلار پەلەكنى كەزدى؛
پەقىر ئۆزىنى بەك يالغۇز سەزدى،
ھىجران ۋەجىدىن ھاياتتىن بەزدى؛
كۈنلەر شۇ يوسۇن ئۆتتى ئاتىجان،
بىر ئارمان قەلبتە پۈتتى ئاكىجان.

يىللار كەلكۈنى ئۆتتى بىر-بىرلەپ،
تېپىشالمىدۇق ئۆزئارا ئىزدەپ؛
يېمىگەن مانتا پۇلىنى تۆلەپ،
رىيازەت چەكتۇق تۆپە-تۆپىلەپ،
ئارمان ئارمانچە قالغان ئاتىجان،
تۇغقان تۇغقانچە قالغان ئاكىجان.

ھاۋا ئېچىلىپ ئاپتاپ پارلىدى،
دىلنى ئالەمچە شادلىق چارلىدى،
يېپەك يولىدا كارۋان قاتنىدى،
شائىر ھەنىپە[1] يۈرتنى ئارىلىدى،
ياردەم قولىنى سۇندى ئاتىجان،
كۆڭلىمىز شۇندا تىندى ئاكىجان.

---

[1] شائىر ھەنىپە — ئەنجان پېداگوگىكا ئونىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، ھەنىپەسالىخوۋا.

كۈنۈ-تۈن بىدار ئۇيقۇمىز قاچتى،
خەت-خەۋەر كۈتۈپ كۆزلەر قاماشتى؛
ئاخىرى ئارزۇ ئەمەلگە ئاشتى،
يۈرەك ئويىندى، خۇشاللىق تاشتى،
ۋىسال پەيتلىرى كەلدى ئاتىجان،
تەقدىر ئىجازەت بەردى ئاكىجان.

يۈرەكنى يۈرەككە مەھكەم يېقىشتۇق،
ئاتا ھىدىنى پۇراپ تېپىشتۇق.
كۆز-ياشىمىزلە سىرلار تۆكۈشتۇق،
مۇراد-مەقسەتكە شۇ كۈن يېتىشتۇق.
مەيلى جان بەرسەم ئەمدى ئاتىجان،
ئارزۇ ۋىسالى قاندى ئاكىجان.

”ئاكامنى تاپتىم!“-جاكار شۇ بولسۇن،
”يېتىم ئەمەسمەن!“—سادا شۇ بولسۇن،
قوشقان قوشاقلار—ناۋا شۇ بولسۇن،
ئاتام روھىغا دۇئا شۇ بولسۇن؛
ئەجدادلار روھى كۈلسۇن ئاتىجان،
ھىجران قىسمىتى پۈتسۇن ئاكىجان.

ئاكىجان، سىزنى كۆرگىلى كەلدىم،
ئاتا ئورنىدا سۆيگىلى كەلدىم،
تۇغقان رىشتىدە كۆيگىلى كەلدىم،

كۆزۈمگە تۇتىيا سۇرگىلى كەلدىم،
كەتسەم كېلەرمەن يەنە ئاتىجان،
بەخت-قۇت تىلەرمەن يەنە ئاكىجان.

ئاكىجان، بارچە تۇغقانغا رەھمەت،
مېھرىبان كۆزدە باققانغا رەھمەت،
نېمەتلەر تولۇق داستىخانغا رەھمەت،
بىز ئۈچۈن نان-توقاچ ياققانغا رەھمەت؛
ۋىسالى باقىي بولغاي ئاتىجان،
ئۆزىڭىز گۈلگە تولغاي ئاكىجان!

1993-يىل 5-ئاي، ئەنجان،
1993-يىل 4-ئاي، قەشقەر.

## تۇپراق پۇلى

قەدەم باستۇق ئەجنەبىي ئەلگە،
پۇرسەت كېلىپ، مەزگىلمۇ يېتىپ.
كىمدۇ بىرى توستى پىكاپنى،
كۆك بايراقنى كۆتۈرۈپ كېلىپ.

رەسمىيەتنى تەكشۈرۈپ باشلىق،
باش چايقىدى ئىشلار پۈتكەندە:



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

”توپراق پۇلى تاپشۇرۇش لازىم،
چېگرىمىزنى بېسىپ ئۆتكەندە“ .

ھەيرانلىقتا ئېسىمگە ئالدىم،
يات بىر ئەلدە تۇرغانلىقىمنى؛
ئانا ۋەتەن، ئانا تۇپراقنىڭ
شۇنچە ئۇلۇغ، ئەزىزلىقىنى.

1993-يىل 5-ئاي، چىمكەنت.

## سىميۇن بوۋاي

ئىزدىگەنتۇق يېقىن تۇغقاننى
خەت يېزىشقان ئادرېس بويىچە.
تاپالمىدۇق شۇنچە ئىزدەپمۇ،
تا شەھەردىن ئېتىز-قىرغىچە.

ئۇمىد ئۈزۈپ تۇغقان ئىزدەشتىن
ھەممەيلەنگە ھاردۇق يەتكەندە؛
ھېرىپ-چارچاپ، تەشنالىق يېتىپ،
پۇتىمىزدىن ماغدۇر كەتكەندە؛

ئۇچراپ قالدى ئاق ساقال بوۋاي،
سۇنۇپ بىزگە ياردەم قولىنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

تىرىك ئارخىپ ئىكەن ئۇ بۇندا،
بىلەر ئىكەن ئىشنىڭ يولىنى.

يىكاپىنى ھەيدەپ شۇ بوۋاي،
راسا چاپتى بىزگە يول باشلاپ.
مىڭبىر تەستە تاپتى تۇغقاننى،
ئۇلار كۆچكەن كوچىنى بايقاپ.

خۇشاللىقتىن كۆزلەر نەملەندى،
دىدارلاشتى ئۇرۇغ-تۇغقانلار.
رەھمىتىنى ئېيتتى بوۋايغا،
شۇ ۋىسالنىڭ سىرىنى ئۇققانلار.

*　　*　　*

لېي فېڭ دېسەك ئۇنى ئەگەردە،
بۇنداق ئاتاش يوقكەن بۇ يەردە.

1993-يىل 5-ئاي، ئوش.

## ئېچىنىش

يېڭى بازارغا يېڭى نەزەردە
كۆز تىكەتتىم رەستە ئارىلاپ.
ئەگەشتى بىرى سايىغا ئوخشاش،
گاھى يوچۇن، گاھى مارىلاپ.

ئاۋات بىر جايغا باسقاندا قەدەم،
ئوغرى ئەپقاچتى سومكىنى ئەپچىل.
نادامەت ئىچرە قالدىم قۇرۇق قول،
ئىچىنىش ھېسى بىلەن تولدى دىل.

ئوغرى دېگەنغۇ ھەممە يەردە بار،
ھەيرانمەن ئۇنىڭ چاققانلىقىغا.
سالاپىتىنى پىكاپ تارتالماس،
ئېسىل گالىستۇك تاقىغانلىقىغا. . .

1993-يىل 6-ئاي، سەمەرقەنت.

## شىپا ئىزدەپ

(بىر شائىرغا تەقلىد)

تۇيۇقسىزلا كېسەل تەگدى تۇمۇقاپ،
ۋۇجۇدۇمنى چىرماپ ئالدى كېسەللىك.
ئەتراپىمدا ئايلىنىشتى دوختۇرلار،
تىلەپ ماڭا سالامەتلىك-ئېسەنلىك.

ھەربىر ئەزا تەكشۈرۈلدى بىرمۇ بىر،
لېكىن ئەھۋال تېخىچە نائېنىق.

كار قىلمىدى شۇنچە جىددىي داۋالاش،
هالىم پەسلەپ قالدى نەپەس-بىر تىنىق.

بار ئامالنى قىلىپ بولۇپ دوختۇرلار،
هەيرانلىقتا سەپسېلىشتى يۈزۈمگە.
"نېمە كېسەل، بىلەلمىدۇق زادىلا"
سوئال ئىچرە تىكىلىشتى كۆزۈمگە.

ئىھ، دوختۇرلار!
ئاۋارە بوپ يۈرمەڭلار،
كېسىلىمنى تاپماق مۇشكۇل—قىيىن ئىش.
راستىن دېسەم: ھىجران ئىشقى-كېسىلىم،
ۋەتىنىمنى—ئانا يۇرتنى سېغىنىش!

شۇڭا ۋەتەن ھاۋاسىدىن بىر يۇتاي،
ماڭا داۋا ھەممىدە شىپا شۇ بولسۇن.
خۇشال سوقۇپ زەئىپلەشكەن يۈرىكىم،
ۋۇجۇدۇمغا قۇۋۋەت بولسۇن،
كۈچ بولسۇن!

1993-يىل 7-ئاي، تاشكەنت.



ئۇيغۇر كىتاب تورىيتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# گۈل

(بىر شائىرغا تەقلىد)

سوۋغات ئۈچۈن گۈل تۇتتۇڭ مانا،
پۇراقلىرى ياردى دىماقنى.
گويا ئوتقا ئوت تۇتاشقاندەك،
ئۇلغايتتى ئۇ ئىشق-پىراقنى.

بىراق ئانچە ئۇزاققا بارماي،
سوۋغاتلىق گۈل سولۇپ تۈگىدى.
گۈلنىڭ ئۆمرى قىسقا بولسىمۇ،
لېكىن دىلنى دىلغا ئۇلىدى.

1994-يىل 5-ئاي، قەشقەر.

# تەبرىكنامە

ئەسسالام، سۆيۈملۈك «قەشقەر گېزىتى»،
مۇبارەك بولسۇن بۇ فۇتلۇق تويۇڭغا!

قىرىق بەش يىللىقنىڭ شەنىگە شۇدەم،
شېئىرىمدىن گۈل چاچاي زىبا بويۇڭغا!

مەرىپەت بۇلىقى ئانا يۇرت بىلەن
تەڭ قەدەم باستىڭسەن ئوخشاش رىتىمدا.
نە قىسمەت ئۆتمىدى تارىخىڭ ئۆزرە،
قىرىق بەش يىلىڭدا-قىرىق بەش قېتىمدا.

شۇ تارىخ، شۇ ھېكمەت بېتىڭگە پۈتۈك،
ئەمەس ئۇ-ئاق قەغەز، قاپقارا سىيا؛
ئۇ — خەلقىنىڭ شادلىقى، ئاچچىق كۆز يېشى،
دىللارغا بېسىلغان موھۇردۇر گويا.

ئەجدادلار روھى ھەم ئەلنىڭ نىداسى
كۆرسەتتى توغرا يول، نىشان-رەھنىما.
مەھمۇد ئەۋلادلىرى ئالدى سەندىن دەرس،
يېتىلدى باغرىڭدا ئالىم-ئۆلىما.

شائىرنىڭ دەسلەپكى شېئىرى چىققاندا،
شادلىقتىن ئاسمانغا يەتكەنتى بېشى؛
ئىنژېنېر يازغاندا تۇنجى ماقالە،
ئىلھامچى بولغانتى مۇھەررىر سۆزى.

خىزمەتتە شان-زەپەر قازانغان ھاكىم،
تەجرىبە تارتىپ، ئۆسكەن ئۇلغۇيۇپ؛

يېتىملار ھەققىنى يېگەن نائىنساپ،
تەنقىدنىڭ ئالدىدا كەتكەن يەر بولۇپ.

ھە، شۇنداق بىر ئەينەك بولدۇڭ كارامەت،
ياخشىنى-يامانىنى كۆرسىتىپ روشەن.
قورلىرىڭ ئورناشتى خەلقنىڭ قەلبىگە،
بەتلىرىڭ گويا كى بولدى بىر گۈلشەن. . .

*　*　*

قېرىق بەش يىلنىڭ ئوتتۇرىدا مەن،
ئىشلىدىم سېنىڭكى ئىللىق قوينۇڭدا.
نەۋقىران ياشلىقىم ئۆتتى قىياندەك،
چېچىمغا ئاق كىردى ئىشقى ئوتۇڭدا.

سەن مېنى تەربىيىلەپ قوشتۇڭ قاتارغا،
سەن مېنىڭ ئۇستازىم، ئىككىنچى ئانام.
شۇ ۋەجدىن ساتتىم مەن جانىنىڭ كۆكسىنى،
زېھنىمنى، مەيلىمنى بېغىشلاپ تامام.

بەزىدە ۋالىغا سەپەرداش بولۇپ،
راھەتتە ئولتۇرسام ئىپسىل پىكاپتا؛
بەزىدە يول يۈردۈم دېھقانلار بىلەن،
ئاچ-توققا چىدىدىم، كۆيدۈم ئاپتاپتا.

بەتلىرىڭ-سەھىپەڭ پىشانە تەرىم،
ھەربىر ھەرپ، ھەر توچكا مېنىڭ ساپ قېنىم.

ھەر سەھەر كۆرگەندە يېڭىدىن سېنى،
ھاردۇقىم چىقتى ھەم يايرىدى تېنىم.

پۇشايمان يېمەيمەن ئۆتكەن ئۆمرۈمگە،
ئەل-ۋەتەن ساداسى تۇرغاچ قۇلاقتا.
بوغۇنلار قولۇمدىن ئىچتى زەمزەمنى،
ئەجدادلار قازغان شۇ ئالتۇن بۇلاقتا...

ئىخ مىنىڭ قەدىردان، سۆيگەن گېزىتىم،
باغاشلاي يۈزۈڭنى يۈزۈمگە قويۇپ.
سېنىڭدىن ئايرىلىپ بىلدىم بەك تولۇق،
مېھرىڭ زەپ كەتكەنكەن يۈرەككە ئۇيۇپ.

مەيلى مەن ياشايكى قايسى ماكاندا،
بىباھا ئەجرىڭنى ئۇتىمەن ئەستە.
ئالدىڭدا قەرزدارمەن، شۇ ۋەج تۇپەيلى
تىزىمەن تۆھپەمدىن ساڭا گۈلدەستە.

* * *

ئەسسالام، سۆيۈملۈك «قەشقەر گېزىتى»
شۇ شانلىق مەرىكەڭ مۇبارەك بولسۇن!
ئاۋامنىڭ ئىشەنچى،
ھۆرمەت-ئىززىتى،
دەريادەك كۆۋەجەپ باغرىڭغا تولسۇن!

1995-يىل 5-ئاي، قەشقەر.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئۆزۈلمەس سۆيگۈ

جۈپلەشنۈق، جۈپ بولدۇق يەنە بۇ قېتىم،
ئىلكىدە مەست قىلدى يارقىن مۇھەببەت.
لەۋلەردىن ئاقتى چىن سۆيگۈ شەربىتى،
شۇ تاپتا سەن زۆھرە، مەن تاھىر پەقەت.

ئۆتمۇ ھەركېچە-كۈندۈزى شۇنداق،
يۈرەككە مۇھەببەت سېلىپ ئوتلۇق ئىز.
ئۆتسىمۇ ھازىرغا قەدەر تۆت مۆچەل،
سەن ئۈچۈن مەن يىگىت، مەن ئۈچۈن سەن قىز.

1997-يىل 3-ئاي، قەشقەر.

# ۋاپادارلىق

—يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ۋاپادارلىق
توغرىسىدىكى شېئىرىي بايانلىرىغا مۇشائىرە

## شائىرنىڭ ئەسلى شېئىرى

قوپاي مەن، ماڭاي مەن، جاھاننى كېزەي مەن،
جاھاندا ۋاپالىق ئىزىوركىم، تاپاي مەن.

جىمى ئارزۇ تاپتىم، كىشى تاپمىدىم مەن،
بۇ ئارزۇنى تاپسام، يۈزىگە باقاي مەن.

ئەگەردە تاپسام ۋاپالىق، سىبخىي ئەر،
يۈدۈپ ئۇنى يەلكەمدە كۆزگە سۈرەي مەن.

## مۇشائىرە

چىن ۋاپانى يۈرىكىمگە ئورنىتاي مەن،
ۋاپا ئەھلى مەردانلارنى دوست تۇتاي مەن.

جان مۈلكىنىڭ جەۋھىرىدۇر ۋاپادارلىق،
شۇ جەۋھەردىن دىلغا چىراغ يورۇتاي مەن.

جارىي ئەيلەپ ۋاپادارلىق، مۇرۇۋۋەتنى،
پەزلىم بىلەن ئەل كوڭلىنى ئۇتاي مەن.

1998-يىل 10-ئاي، قەشقەر.



ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىي ئادرېسى

# بۇرۇن يېزىلغان ئاخىرقى سۆز

ئۆلۈپ كەتسەم يىغلىماڭلار كۆپ،
كۆزۈڭلارغا دەخلى يەتمىسۇن.
ھەسرەت ئىچرە ھەسرەت قوشۇلۇپ،
تېنىڭلارغا زەخمە يەتمىسۇن.

يېرىم ئەسىر، يەنە ئالتە يىل،
ياشىدىممەن (بۇ ئۇزۇن ئۆمۈر).
نى سەۋدالار ئۆتمىدى باشتىن،
گويا ئوتتۇن بولغاندەك كۆمۈر.

بەزى چاغدا يېدىم ھالۋىنى،
بەزى چاغدا سېرىق ماشمۇ يوق.
بەزى چاغدا ماختاشلار پەلەك،
ۋە بەزىدە يېدىم زەربە، دوق.

تۆھمەتلەرگە قىلمىدىم پەرۋا،
تۆھمەتخورلار بېشىنى يېدى.
تارىخ ئاڭا بەردى ھەق جازا:
ئۆزى ئاتقان تېشىنى يېدى.

كاتتا مەنسەپ، ئاتاق، شۆھرەتتىن،
ئەلا بىلدىم ۋىجدانىمنى مەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

باسقان قەدەم-ئىزىمدا ھەردەم،
ئۇنتۇمىدىم ئەجدادىمنى مەن.

يېزىپ قويۇپ قۇرۇق ئەشئارنى،
باش ئۇرمىدىم مەلئۇن-قاۋانغا.
خەلقىمدىنلا تىلىدىم مەدەت،
تەڭ كېلەلمەي قالسام يامانغا.

ئەلگە قىلغان تۆھپەم—نەتىجەم،
سانالسا گەر دېڭىزدىن تامچە؛
مەن ئۇچۇن شۇ دېمىدە سۇيى،
ئەزرائىلدىن قورقمايمەن قىلچە.

تەييار دۇرمەن قازا-رىزاغا،
ئەگەر رىسقىم تۈگىگەن بولسا.
خەلقىم مەندىن بولۇپ رازىمەن،
ئانا تۇپراق قوينىغا ئالسا.

جان مەھبۇبەم، ئەزىز پەرزەنتلەر
دوستۇ ياران، ئامان بولۇڭلار.
كۆتكەن ئارزۇ ئاشسا ئەمەلگە
"ئۆلمىدى ئۇ، ئۆلمەيدۇ"دەڭلار.

1999-يىل 11-ئاي، قەشقەر.

# مەنسەپدارنىڭ ئۆلۈمى

—بۇ شېئىرىمنى ئۆزۈمگە بېغىشلايمەن

ئۆلۈم—
ھەر كىشىنىڭ بېشىدا بار،
بەندىچىلىكنىڭ ئالامىتى شۇ.
ئۆلۈم—
ياش-قېرى دېمەيدۇ،
تەقدىرنىڭ قۇدرىتى-كارامىتى شۇ.

ئىنسان—
ئۆمرىدە پەقەت بىر قېتىم
بىر قېتىملا ئۆلىدۇ،
ھاياتلىق شامى ئۆچكەندە.

مەنسەپدار (ھەممىسى ئەمەس)
ئۆلىدۇ ئىككى قېتىم:
بىرى—تەختتىن چۈشكەندە؛
يەنە بىرى—رىسقى تۈگىگەندە.

2000-يىل 3-ئاي، قەشقەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىندى ئادرېسى

## مەغرىپكە سەپەر

(چاتما)

غەربىي يېرىم شارغا يول ئالدىم،
ئارزۇلارغا بېكىتىپ قانات.
كۆردۈم بۇندا باشقا بىر دۇنيا،
غەيرىي تۇرمۇش، سېھىرلىك ھايات.

شېرىن بىر چۈش كۆرگەندەك بولدۇم،
ئۇچۇپ كەتتى خىيال كەپتىرىم.
ھېسسىياتىم ئىرماشۇ چىرماش،
مىسرالارغا تولدى دەپتىرىم.

## بىر چىشلەم نان

يېدىم خىلمۇخىل نازۇ-نېمەتنى،
ھامبۇرگ بولكىسى، ھەسەلۇ—قايماق.
ھەۋەستە ئىچتىم لىمون سۈيىنى،
مېۋىلەر تولۇق: ئۈزۈم ۋە ياڭاق. . .

لېكىن ئاغزىمغا تېتىمىدى ھېچ،
تەڭ كۆرەلمىدىم بارچۇق تۇزىغا؛
ئىلى ئالمىسى، شىنگان① سۈيىگە،
قەشقىرىمنىڭ لەڭپۇڭ، دوغىغا. . .

بىر چىشلەم ناننى يېگەن چېغىمدا،
شېرىن لەززىتى بىلىندى شۇئان.
ۋەتەن مېھرى ئۆركەش ياسىدى،
ھىجران ئوتىدا ئۆرتىنىپ بۇ جان!

2000-يىل 6-ئاينىڭ 2-كۈنى، چىكاگو.

## قۇش ۋە ئادەم

ئاجايىپ بىر ھال: قۇشلار قاچمايدۇ،
گويا ئۆگىتىپ قولدا باقىقاندەك.
بەھۇزۇر ئوينىپ، دانلاپ ھارمايدۇ،
ئاشۇ قۇشلارغا ئادەم ياققاندەك.

سەۋەبىنى ئېيتتى ئېنگلىز بوۋاي:
ئادەم جاھاننى بۇزمىسا، تۈزسە؛
قۇشلار قاچمايدۇ ئادەمدىن مەڭگۈ،
ۋەھشىيلىكلەردىن قولىنى ئۈزسە! . . .
2000-يىل 6-ئاينىڭ 2-كۈنى، چىكاگو.

www.uyghurkitap.com

## ئەما بوۋاي

كۆرگەزمىگە② قاتناشتىم ئۈچ كۈن،
ئاۋات بازار چېغىنى كۆردۈم.
ھەر كىتابنى بىر گۈلزار دېسەك،
گويا بىلىم بېغىنى كۆردۈم.

كىتاب ئالار بارچە خېرىدار،
كىتاب ئۈچۈن پەرۋانە ھەممە.
ئەما بوۋاي بۇنىڭ مىسالى،
قول ھارۋىسى تولدى بىردەمدە.

كېيىن ئۇقساق، بوۋاي كىتابنى
نەۋرىسىگە ئوقۇتىدىكەن.
كۆزى ئەما بولسىمۇ، لېكىن،
ئۇنىڭ قەلبى كۈندەك يورۇقكەن!

2000-يىل 6-ئاينىڭ 3-كۈنى، چىكاگو.

## ھەيكەل ئالدىدا

ئەركىنلىك ھەيكىلى تۇرار چوقچىيىپ،
دېڭىزنىڭ بويىدا مەغرۇر قەد كېرىپ.

بۇلۇتلار ئەتراپتا يېيىلىپ ئۈزەر،
ھەيكەلگە گوياكى پەر-قانات بېرىپ.

ئايىغى ئۈزۈلمەس زىيارەتچىنىڭ،
قارايدۇ تويماستىن كۆزلىرى تېلىپ.
گوياكى ھەيكەلدىن كۈتكەندەك ئۈمىد،
زېھنىنى-مەيلىنى ئۇنىڭغا بېرىپ.

ئەركىنلىك ئىلاھى كۆتەرگەن مەشئەل،
يورۇتار قانچىلىك زېمىن-ئاسماننى؟
بار زادى ئۇنىڭدا قانچىلىك قۇدرەت،
يوق قىلالامدۇ ئۇ تەڭسىز زاماننى؟

راستىنلا بولسا ئۇ قۇتقازغۇچ خۇدا،
نېمىشقا جاھاندا ئەركىسىزلىك تولا؟
تەڭسىزلىك تاغلىرى نېمانچە ئېگىز،
نېمىشقا تۈگىمەس دۇنيادا غوۋغا؟!

ئەركىنلىك ئىلاھى ھەيكىلى بىر بۇت،
ئىلتىجا قىلساڭمۇ ئاڭلىماس ئەبەت.
ئەركىنلىك-ئازادلىق ئىنسان قولىدا،
كۈرەشتە-چېلىشتا مەۋجۇت ئۇ پەقەت!

2000-يىل 6-ئاينىڭ 4-كۈنى، نيۇيورك.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېڭى ئادرېسى

# تېنى قارا، دىلى ئاق...

ئايرودرومدا ئالمىشىپ قاپتۇ،
قىممەت باھالىق ئىسىل چامادان.
سەپەرداشلىرىم جىلە بولۇشتى،
مالىنىڭ ئىگىسى بەكمۇ پەرىشان.

خەۋەرنى ئاڭلاپ مۇلازىم نىگىر،
چاپتى ھەريانغا تىنىم تاپماستىن.
پەقەت شۇ ئىشىنىڭ كويىدا بولدى،
ھەتتا كېچىسى كىرپىك قاقماستىن.

تېپىلدى ئاخىر يېتكەن چامادان،
سەپەرداشلارنىڭ شادلىقى تاشتى.
خالىسانە قىلىنغان ئىشتىن،
ھەممەيلەننىڭ كۆزى قاماشتى.

مۇلازىم نىگىر كۆلگەندە بىلدىم:
چىشلىرى دوڭگۇل، لېكىن ئاق ئىكەن.
بەدىنى خۇددى كۆمۈردەك قارا،
بىراق، قەلبى سۈتتىنمۇ ئاقكەن!

2000-يىل 6-ئاينىڭ 7-كۈنى، ۋاشىنگتون.

# يىغا ۋە كۈلكە

بىر شەھەرگە بارغانتىم كەچتە،
سەيەر ئىچرە زىيارەت قىلىپ.
خەلقى تېزلا بېيىپ كېتىپتۇ،
ھەرخىل سىرلىق تىجارەت قىلىپ.

زىنىنىتىگە زىنىنەت قوشۇپتۇ،
نۇردىن ياسالغان ئاسمان گۈمبىزى③.
كۆز چاقنىتار ئېلاھ ئېكرانى،
تىياتىرى، شوخ ناخشا-سېزى.

گۈللۈكلىرى بەكمۇ چىرايلىق،
جەننەت دېسە جەننەتنىڭ ئۆزى.
گىلەم دېسە ئاسقان گىلەم يوق،
رەڭدار گىلەم گويا يەر يۈزى.

ئاشۇ گۈزەل، ئاۋات شەھەردە،
شادلىق بىلەن قايغۇ قوشكېزەك.
بىرى بولسا تېزلا مىليونېر،
يەنە بىرسى بولاركەن دۆررەك.

ئۆتقان بىرسى كۈلسە توختىماي،
ئوتتۇرغىنى ھازا ئاچاركەن.
ئەقلىم بىلەن كۆرسەم تەكشۈرۈپ،
سەۋەپچىسى مۇدھىش قىماركەن.

2000-يىل 6-ئاينىڭ 10-كۈنى، لاسۇنگاس.

## سېغىندىم

(ئۇستاز شائىر نىمشېھىتقا تەقلىد)

سېغىندىم مەن، سېغىندىم مەن، سېغىندىم،
ۋەتەن سېنى چىن دىلىمدىن سېغىندىم.
ئىشقى ئاتەش جان-جېنىمدىن سېغىندىم،
دىل ئەلچىسى شۇ تىلىمدىن سېغىندىم.

نەدە مېنىڭ چەت ئەللەرگە يولۇم بار،
زىيارەتكە يېتىشكىدەك پۇلۇم بار؟!
تەشكىل ماڭا بەرگىنىدە ئىمكاننى؛
ھىممىتى چوڭ ۋەتەن سېنى سېغىندىم.

ئايرىلىپ مەن قەشقىرىمدىن-تارىمدىن،
دوستۇ-ياران، تۇغقىنىمدىن، يارىمدىن،



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

يۈزدە كۆلكە، دىلدا ھىجران، ئەندىشە،
نىمجان بولۇپ ئۈچقىنىمدا سېغىندىم.

ئۈچ سائەتتە كەلدۇق توكيو شەھرىگە،
نەزەر سالدۇق كوچا-كويغا، مەلىگە،
نەرقى-ناۋا ئۇستۇن ئىكەن ئەجەبمۇ،
ئەرزان-ئەلۋەك ۋەتىنىمنى سېغىندىم.

ماڭدۇق يەنە بۇلۇتلارغا مىنگىشىپ،
تىنچ ئوكيانغا پات-پات قاراپ ئېڭىشىپ،
ئايرىلغانچە سەندىن قانچە يىراققا،
سېغىنىشىم ئاشقىنىدا سېغىندىم.

چىكاگوغا كەلدۇق سائەت ئۈچ بىلەن،
بۇندا تۇنجى تاماق يېدۇق چۈش بىلەن،
مەمۇرچىلىق، مولچىلىقكەن، ۋەلېكىن،
ۋەتىنىمنىڭ ئاش-تۇزىنى سېغىندىم.

كۆرگەزمىگە قاتناشتۇق بىز ئىككى كۈن،
غۇژ-غۇژ سودا بولدى تازا كۈن-تۈن.
«خۇشخۇلۇمېلىڭ»④نى سورىغاندا چەت ئەللىك،
سەنئەت يۇرتى—ۋەتىنىمنى سېغىندىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سالقىنلىدۇق مىچىگاننىڭ⑤ بويىدا،
بېلىق تۇتتۇق ئىنگلىزنىڭ تورىدا،
يۈز قەۋەتلىك سېكرى⑥ بىنا ئۈستىدىن،
كۆرەرمەنمۇ ۋەسلىڭنى، دەپ سىغىندىم.

ئۆچۈپ كەلدۇق نيۇيورك دېگەن شەھەرگە،
كۆنۈپ قالدۇق يول مېڭىشقا-سەپەرگە،
ئاسمان پەلەك ئىمارەتنى كۆرگەندە،
شاڭخەي، بېيجىڭ سىماسىنى سىغىندىم.

ب د ت غا كەلدۇق سائەت ئىككىدە،
نىگىر ساقچى توستى يولنى ئىشكىدە،
باشقىلارنى كىرگۈزمىدى، ئاخىرى-
”جۇڭگولۇق“ دەپ كىرگۈزگەندە سىغىندىم.

ۋاشىنگتون كۇتۇپ ئالدى خوش چىراي،
ياتاق بولدى ماخۇۋۇدۇن⑦ دېگەن جاي،
ۋەتەنداشلار قۇچاق ئاچتى قول بېرىپ،
پەرزەنتى كۆپ ۋەتىنىمنى سىغىندىم.

زىيارەتنىڭ كۇنتەرتىپى ئاقساراي،
ھەشەمەتلىك ئۆيلەر ئىكەن بىر تالاي،
ئەتراپلىرى گۈلزارلىقكەن-گۈللۈككەن،
جۇڭنەنخەينى ئەسكە ئېلىپ، سىغىندىم.

يۈرەك سوقتى ”جۇڭگو چىلىڭ“⑧نى كۆرگەندە،
مۇھاجىرلار مەڭزىمىزگە سۆيگەندە،
كۆزلىرىگە ياش ئېلىشىپ، ئۇھ تارتىپ،
ئۆز يۇرتىنى سورىغاندا سېغىندىم.

كۆردۈم بۈگۈن ئايروپىلان مۇزېيىنى،
ئايغا قونغان شۇڭقار قۇشنىڭ ئۆزىنى،
”ئۇچار كىمە“ قويۇپ بېرىپ يېقىندا،
داڭق چىقارغان ۋەتىنىمنى سېغىندىم.

كۆردۈم يەنە بەش بۇرجەكلىك بىنانى،
(موشۇ يەردە ئىكەن ئۇرۇش پىلانى)
كوسوۋوغا ئوق ئاتقانلار مۇشۇ دەپ،
غەزەپلىنىپ كەتكىنىمدە، سېغىندىم.

لاسۋىگاستا⑨ ناشايان ئىش تولىكەن،
سەتەڭلەرگە بۇ جاي ئوبدان ئۇۋىكەن،
قىز ئىپپىتى دوللار بىلەن ئالماشقان. —
رەزىللىكنى كۆرگىنىمدە سېغىندىم.

قىمار ئۈچۈن پۇرسەت ئىكەن كەڭ تاشا،
رەت-رەت تۇرار ئېلېكترلىك ماشىنا،

www.uyghurkitap.com

دەقىقىدە بىرى گادايى بىرى باي،
قىسمەتلەرنى كۆرگىنىمدە، سېغىندىم.

لوس-ئانژېلس بولدى ماكان ئۈچ كۈنلۈك،
دىسنىي⑩ بېغى بەكمۇ گۈزەل، كۆڭۈللۈك،
ھولليۋودتا⑪ يالغان كىنو كۆرگەندە،
تەڭرى كۆلى بويلىرىنى سېغىندىم.

كۆردۈم بۇندا ھىندىئانلار شاھىنى،⑫
كىم يورۇتقان بۇ زېمىننىڭ ماھىنى،
پاكىت دېگەن پاكىت ھامان ئۆزگەرمەس،
ھەققە ھەغدا ۋەتىنىمنى، سېغىندىم.

ئۇلۇغ ۋەتەن ساڭا پاتراق يېتەي دەپ،
ئانا يۇرتقا-دەرگاھىمغا كېتەي دەپ،
كېچە-كۈندۈز ئارزۇ قىلدىم مەن شۇنى،
يۈرەك كاۋاپ بولغىنىدا، سېغىندىم.

يۇرتقا قايتتۇق سان-فرانسىسكو ئارقىلىق،
تەسىراتقا دەپتەر تولدى لىقمۇلىق،
ھەر ئادەمگە ئۆز ۋەتىنى بەلەنكەن،
قەدرى ئالتۇن ۋەتىنىمنى سېغىندىم.

كەلگىنىمدە ۋەتەن ساڭا ”سالام!“ دەپ،
قۇچاق ئاچتىڭ ”كەلگىن ئەزىز بالام“دەپ،
ھاۋايىڭدىن قېنىپ-قېنىپ يۇتقاندا،
مېھرى يالقۇن ۋەتىنىمنى سېغىندىم.

بۇ پەقىرنىڭ سېغىنىشلىق قوشىقى،
ئانا ۋەتەن شۇ قوشاقنىڭ بۇلىقى،
يوق بۇنىڭدا ساختىلىق ۋە ئوشىقى،
ئېلھام كۈنى ۋەتىنىمنى سېغىندىم.

2000-يىل 6-ئاينىڭ 13-كۈنى، سان-فرانسىسكو—بېيجىڭ.

---

ئىزاھلار

① شىنگان—«پامىر» ماركىلىق مىنىبزال سۇ ئىچىملىكىگە مەنبە قىلىنغان تاشقۇرغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىدىكى قارلىق تاغدىن ئېقىپ كېلىدىغان ئېقىن.

② كۆرگەزمە: 2000-يىل 6-ئاينىڭ 2-كۈنىدىن 4-كۈنىگىچە ئامېرىكىنىڭ چىكاگو شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا كىتاب كۆرگەزمىسى.

③ ئاسمان گۈمبىزى—شەھەر ئاسمىنىغا ياسالغان سېتىرىئولۇق مەنزىرە.

④ «خۇتۇلۇمىڭ»—«قىزىل راۋاقتىكى چۈش»

⑤ مىچىگان—چىكاگو شەھىرى ئەتراپىغا جايلاشقان ئامېرىكىدىكى ئەڭ چوڭ كۆل.

⑥ سېكىرى—چىكاگو شەھەر مەركىزىگە جايلاشقان 100نەچچە قە-

www.uyghurkitap.com

ۋەتلىك سودا ۋە كۆرگەزمە بىناسى.

⑦ ماخۇۋدۇن — نىيويورك شەھرىگە قاراشلىق ئەڭ قەدىمىي رايونلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئاپتور قاتناشقان بۇ قېتىمقى ۋەكىللەر ئۆمىكى «قېپقالغان ئوقۇغۇچىلارغا خىزمەت قىلىش مەركىزى» ناملىق بىنادا ياتقان.

⑧ «جۇڭگو چېلىك» — ۋاشىنگتون شەھرىدىكى جۇڭگولۇقلار مەخسۇس ئورۇنلاشقان كوچا.

⑨ لاسۋېگاس — ئامېرىكىدىكى مەشھۇر ئەيشى-ئىشرەت شەھىرى.

⑩ دىسنى — لوس ئانژېلىس شەھەردىكى مەشھۇر باغچا.

⑪ ھوللىۋۇد — لوس-ئانژېلىس شەھىرىگە جايلاشقان ئامېرىكىنىڭ كىنو ئىشلەش-تارقىتىش مەركىزى.

⑫ ھىندىئانلار شاھى-دىسنىي باغچىسى ئىچىگە جايلاشقان ھىندىئانلارنىڭ قەدىمىي پادىشاھلىرىنىڭ ھەشەمەتلىك ئوردىسى بولۇپ، ئاسارەئەتىقە سۈپىتىدە ساقلىنىپ قالغان.

# سۇندۇكنىڭ تەقدىرى

(چۆچەك)

بۇرۇن ئىكەن بۇرۇندا،
تېرىق ئىكەن تۇلۇمدا.
بەك قەدىمى زاماندا،
ھەرتەرەپتە-تاماندا؛
خىلۋەت ماكان بار ئىكەن،
ئاڭا قۇشلار يار ئىكەن.
بارچە قۇشلار ئۆملۇكتە،
گۇلزارلىقتا-گۇللۇكتە،
ياشار ئىكەن شاد-خۇرام،
يايرىشىپ، ئېلىپ ئارام.
بۇركۇت توپقا باش ئىكەن،
قاۋۇل ئىكەن، ياش ئىكەن.
مىراس ئىكەن سۇلتانلىق،
باش ئىكەرگەن ھەر جانلىق.
ئاق تورنا ۋەزىر ئىكەن،
ئەقىللىق، خىزىر ئىكەن؛
ساقلاپ شاھنىڭ تەختىنى،
كۆزلەپ ئەلنىڭ بەختىنى،

ئادىل يۇرت سوراپ كەپتۇ،
شاھقىمۇ ياراپ كەپتۇ.

يىللار ئۆتۈپ بىر كۈنى،
ھاۋا بۇزۇق، تەڭ تۈنى،
سۇندۇك كەپتۇ ئوردىغا،
ئۆزىنى ئېلىپ دالدىغا،
دادۇ — پەرياد سېلىپتۇ،
ئەرز-شىكايەت ئېتىپتۇ:
”ئەي پەلەكنىڭ پالۋانى،
قۇشلار شاھى-سۇلتانى،
ياشاۋاتساق باغدا بىز،
ئەركىن، ئازاد چاغدا بىز،
توپتىن چىقىپ سېغىزخان،
شاراقشىپ بەك ھەر تامان؛
پەيزىمىزنى قاچۇردى،
كەيپىمىزنى ئۇچۇردى،
يەنە بىرى — شۇم ھۆپۈپ،
قورسىقى بەلكى كۆپۈپ،
سېسىق پۇراق چىقاردى،
يەر-جاھاننى بىر ئالدى.
بارچە جان تىنالمىدى،
گەپ قىلساق، ئۇيالمىدى. . .
ئاشۇ ئىككى بەدخۇينىڭ،

زەھەر-زوقۇم، سەت گۈينىڭ،
جاجىسىنى بەرگەيلا،
ئەلگە جاۋاب قىلغايلا.“
ئاڭلاپ سۆندۈك ئەرزىنى،
بۇزۇپ سۇلتان تەرزىنى،
كىلىپ دەرھال غەزەپكە،
قول قويۇپتۇ بىر خەتكە:
”ھۆپۈپ بىلەن سىغىزغان،
ئۆلتۈرۈلسۇن شۇھامان.“
ئاڭلاپ جاكا-پەرمانىنى،
قۇتقۇزۇشقا قوش جانىنى،
ئاق تورنا ۋەزىر كەپتۇ،
ھۆر ياكى بىر خىزىر كەپتۇ؛
تەزىم ئەيلەپ شاھىغا،
رەھنىماسى— داھىغا،
ئالغا قەدەم تاشلاپتۇ،
گەپنى مۇنداق باشلاپتۇ:
”شاھىم، تەخىر قىلسىلا،
ئىغىر-بىسىق بولسىلا.
نىمە ئىش بۇ، ئۇقايلى،
ئاندىن توقام توقايلى.“
بۇركۇت ماقۇل كۆرۈپتۇ،
ۋەزىرگە يول قويۇپتۇ.
ئىككەيلەننى چاقىرىپ،

شاھ ئوردىغا ئەكىرىپ،
سوئال-سوراق قىلىپتۇ،
راست گېپىنى ئېلىپتۇ،
جاۋاب قىلىپ سىغىزخان،
شاھقا دەپتۇ بى گۇمان:
”شاھ ئەمرىنى چوڭ بىلدىم،
ئەدەپ بىلەن ئىش كۆردۈم.
ياخشىلىقنى يار كۈتتۇم،
ئەل كۆڭلىنى چىن ئۈتتۇم.
شاختىن-شاخقا قونۇپ مەن،
مىڭ تىرىلىپ، ئۆلۈپ مەن،
قىلدىم ئىما-ئىشارەت،
مېھمانلاردىن بىشارەت.
ئاڭلانسا گەر سايرىشىم،
داستىخان راسلار ھەر كىشىم.“
شاھ قايىل بولۇپتۇ،
قەلبى دەرھال ئېرىپتۇ.
ئىنئامىنى كۆپ بېرىپتۇ،
ئوبدان يولغا سېلىپتۇ.

تېپىپ پەيتىنى، ئېپىنى،
ئاڭلاش ئۈچۈن گېپىنى،
ھۆپۈپنى ئېلىپ كەپتۇ،
مەقسەتنى ئاڭا دەپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ھۆپۆپ سۆزلەپ كېتىپتۇ،
(شاھ خىيالغا چۆكۈپتۇ):
”شاھىم، تېنىم سەل سېسىق،
لېكىن، باغرىم بەك ئىسسىق.
زىيانداشنى باپلايمەن،
ئەل رىسقىنى ساقلايمەن.
ياخشىلىققا يېقىن مەن،
ياخشىلارغا ئېقىن مەن.
بەلكى شۇنداق قۇشلار بار:
قانىتى ئاق گويا قار،
لېكىن، پەتنە تېرىيدۇ،
چىرىتىدۇ، چىرىيدۇ.
بۇزىدۇ ئىناقلىقنى،
كۆزلەيدۇ يامانلىقنى؛
دوستىنى باشلار توزاققا،
شاياتۇننى گۇلباغقا.
سېسىق دېگەن مانا شۇ،
پاكىت دېگەن ئۆزى شۇ.“

ئەھۋال ئايدىڭ بولۇپتۇ،
سۇندۇك غەمگە تولۇپتۇ.
سۇندۇك ئۆزى رەڭۋازكەن،
ئىچى قوتۇر، داۋغازكەن؛
قورقىدىكەن ئاسماندىن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكرى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

قورقمايدىكەن يالغاندىن.
بۆگۈن سۆندۆك پاش بولۇپ،
كۆزى ياشقا لىق تولۇپ.
باغرى كاۋاپ بولۇپتۇ،
ئىچىگە قان تولۇپتۇ.
شاھ بېرىپتۇ قوش جازا،
دەررە ئۇرۇپ بىر ھازا،
ئەلگە ئىبرەت قىلىپتۇ،
جاكا-پەرمان يېزىپتۇ.
ياخشى يەپتۇ ئىشىنى،
يامان يەپتۇ بېشىنى.

2000-يىل 2-ئاي، قەشقەر.

# تېۋىپىنىڭ ئوغلى

( چۆچەك )

## مۇقەددىمە

كىچىكىمدە جان بوۋام،
چۆچەك ئېيتىپ بېرەتتى.
ماڭا ئاتاپ دىلىدىن،
خۇشبۇي گۇللەر تېرەتتى.

چۆچەكلەردىن بىرىنى،
ئەسلەپ قالدىم مەن بۇگۈن.
تىزاي خۇشبۇي گۇلدەستە،
ئوقۇرمىنىم، سىز ئۈچۈن.

## 1

قەدىمكى بىر زاماندا،
ياشاپتىكەن بىر تېۋىپ.
شۆھرىتىنى-نامىنى—
كەتكەن ئىكەن ئەل بىلىپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ساقايمىغان كېسەللەر،
ئۇنى ئىزدەپ كېلەركەن.
كۆپ كىشىلەر ئۇنىڭدىن،
قۇت-نىجاتلىق تىلەركەن.

خاسىيەتلىك دورىغا—
ئايلاندۇرۇپ ئوت-خەسنى؛
قىلار ئىكەن بەختلىك،
دىلى دەردكە پەۋەسنى.

ئۇنىڭ قۇربى يەتمىگەن،
ھېچ بىر كېسەل يوق ئىكەن.
ئۇ خىسلەتلىك تېۋىپتىن،
ئەلنىڭ كۆڭلى توق ئىكەن.

كەلسە يىراق-يېقىندىن،
ھەرخىل كېسەل ھەرقاچان؛
بىرقانچە كۈن ئىچىدە،
قايتار ئىكەن تېپىپ جان.

قوللىرىغا تېۋىپنىڭ،
سۆيەر ئىكەن ھەر كىشى.
ئۇنىڭ بىلەن قۇرىغاچ،
كېسەللەرنىڭ كۆز يېشى.

تېۋىپلىقتا ئاجايىپ،
رېتسېپ-سىرى بار ئىكەن.
شۇڭا ئۇنىڭ كەسپىگە،
دائىم خىسلەت يار ئىكەن.

ھالال ئەجرى بەھرىدىن،
تاپاۋىتى ئېشىپتۇ.
خەزىنىسى-ئۆيىدىن—
زەر-دەرەملەر تېشىپتۇ.

يۇرت ئىچىدە تەڭداشسىز،
چوڭ باي بولۇپ كېتىپتۇ.
ئۆز ئەجرىنىڭ مېۋىسى—
لەززىتىنى تېتىپتۇ.

نەچچە ئادەم ئۇنىڭغا،
شاگىرت بولۇپ ئىشلەپتۇ.
ئۆگىنەلمەي ھۈنەرنى
بارمىقىنى چىشلەپتۇ...

ئۇ، تېۋىپنىڭ خىسلىتى،
سىرلىق ئىكەن، زىل ئىكەن.
ھۈنىرىنىڭ يىلتىزى—
كۆزلەر كۆرمەس دىل ئىكەن.

ئاشۇ سىرلىق قەسىرگە،
كىرەلمەپتۇ ھېچ شاگىرت.
تېۋىپ شۇنداق ئەھۋالدىن
بولار ئىكەن بەك تىت-تىت.

تەييارتاپ شاگىرتلارنى
ئۇ، بىر-بىرلەپ قوغلاپتۇ.
تاللاش ئۇچۇن ئىزباسار،
باش قاتۇرۇپ ئويلاپتۇ.

2

ئۇ تېۋىپنىڭ ئارزۇلۇق،
يالغۇز ئوغلى بار ئىكەن.
"جۇپ بولسىكەن ئوغلۇم" دەپ،
بىر ئوغۇلغا زار ئىكەن.

ئەپسۇس، ئاللا ئۇنىڭغا،
يەنە پەرزەنت بەرمەپتۇ.
سەۋەب قىلىپ ھارغاچقا،
دەرد-نادامەت ئەيلەپتۇ.

داۋا قىلالمىغاندەك،
ھېكىم لوقمان ئۆزىگە؛

ئۈمىدسىزلىك ھاڭلىرى،
كۆرۈنۈپتۇ كۆزىگە.

چۈنكى ئۇشبۇ جاھاندا،
بەش بارماقمۇ تەڭ ئەمەس.
ماڭغان يولى ئادەمنىڭ،
ھەمىشىلا كەڭ ئەمەس.

قايتا پەرزەنت كۆرمىگەچ،
كۆزى دائىم نەم ئىكەن.
"ئىزىمنى كىم باسار" دەپ،
يىڭگەنلىرى غەم ئىكەن.

تېۋىپ يالغۇز ئوغلىدىن،
رازى ئەمەس ئىكەن بەك.
ئۇ ئۆسۈپتۇ ئەقىلسىز،
ئەركە-نايناق ھەم تەنتەك.

نەچچە بەرسە مەكتەپكە،
دەرسكە كۆڭۈل قويماپتۇ.
كۈندە قېچىپ مەكتەپتىن،
ئويۇنغىمۇ تويماپتۇ.

بىرقانچە يىل ئۆتۈپتۇ،
"ئېلىپ"، "بە"نى ئۆگەنمەي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

بىرگە بىرنى قوشقاندا،
ئىككى بولدى دېيەلمەي.

مۇئەللىم دەرس سۆزلىسە،
ئويلىغاچقا ئويۇننى؛
ئويۇنچۇققا تولدۇرۇپ،
كەلگەچ دائىم قوينىنى؛

مۇئەللىمنىڭ سۆزىنى،
ئاڭلىمىغاچ بىر قېتىم؛
بولىقىدىن بىلىمنىڭ،
يۇقتۇرماپتۇ بىر تېمىم.

بىلمەيدىكەن زادىلا،
ئەدەپ-ئەخلاق دېگەننى.
پەرقلەندۈرەلمەيدىكەن،
ئازغان بىلەن ئەمەننى.

ئائىلىدە توققۇزى،
بولۇپ تۇرغاچ تەل ئۇنىڭ؛
نېمە قىلاي دېسىلا،
ئىكەن ئىشى ھەل ئۇنىڭ.

شۇڭا ھورۇن، دۆت بولۇپ،
چوڭ بولۇپتۇ ئۇ بالا.

هامان تېرىپ تۇراركەن،
تېۋىپ بېشىغا بالا. . .

مۇئەللىملەر ئۇنىڭدىن،
بىزار بولۇپ قاقشاپتۇ.
ئاڭلىمىغاچ تەربىيە،
ئۇنى نەچچە قاغاپتۇ. . .

ئۇ مەكتەپتىن ھەيدىلىپ،
مەھرۇم بوپتۇ ئوقۇشتىن.
ھۇزۇرلىنىپ يۈرۈپتۇ،
ئۇرۇش-جېدەل، سوقۇشتىن.

تېۋىپ ئۇنى جازالاپ،
نەچچە قېتىم ئۇرۇپتۇ.
شۇنچە تاياق يېسىمۇ،
پىسەنت قىلماي تۇرۇپتۇ.

”تېۋىپلىقنى ئۆگەن“ دەپ،
سۆزلىسىمۇ كۆپ ساۋاق.
”ماقۇل دادا“ دەپ قويۇپ،
زېھىن قويماپتۇ بىراق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

## 3

تېۋىپ يۇرتلار ئارىلاپ،
كېسەل كۆرۈپ يۈرەركەن.
ئوغلى ئاتا ئەگىشىپ،
ئاقماس خىيال سۈرەركەن.

دورا سالغان ئەپكەشنى،
ماڭىدىكەن كۆتۈرۈپ.
ۋايسايدىكەن يوللاردا،
ھېرىپ-ئېچىپ، پوكولۇپ.

بىلمەي تومۇر تۇتۇشنى،
كېسەل نەدە، تېپىشنى؛
ھەر مەنزىلگە بارسىلا،
ئادەت قىپتۇ يېتىشنى.

تېۋىپ كېسەل داۋالاپ،
تۆگەتكەندە ئىشىنى؛
”قوپ، ماڭىمىز!“ دەيدىكەن،
غۇچۇرلىتىپ چىشىنى...

تېۋىپ دورا ياسىسا،
ئۇ تۇراركەن زەن سالماي.

”بۇ نېمە؟“ دەپ سورىسا،
”تاڭ؟“ دەيدىكەن ئۇيالماي. . .

ئۈچ يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ،
ئۇقالماي ئىش ئېپىنى.
ئايرىيالماي تۇخۇمنىڭ،
سېرىق بىلەن ئېقىنى. . .

شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭغا،
ئاتا كەسىپ يۇقماپتۇ.
كۆڭۈل قويماي، ھېچ ئىشنىڭ—
بىر بېشىغا چىقماپتۇ. . .

كۈنلەر ئۆتۈپ دادىسى،
ئۆتۈپتۇ بۇ ئالەمدىن.
ئۇ ئويۇننى باشلاپتۇ،
ھېچ ئەسەر يوق ماتەمدىن.

دادىسىدىن قالغاننى،
بۇزۇپ-چېچىپ خەجلەپتۇ.
كەيپ-ساپاغا بېرىلىپ،
ئۇياق-بۇياق لەيلەپتۇ.

تېخى بىر يىل بولماستا،
تۆگەپ قاپتۇ مال-دۇنيا.
ئاچ-يالىڭاچ ياشىماق،
ئەلەم بوپتۇ ئۇنىڭغا.

تۈگىگەچكە پۇل-دەرەم،
دوستلىرى يۈز ئۆرۈپتۇ.
ياشاش يولى تاپالماي،
ئىت كۈننى كۆرۈپتۇ...

**4**

ئاشۇ يۇرتتا يەنە بىر،
يالقاۋ-ھۇرۇن بار ئىكەن.
خۇددى تېۋىپ ئوغلىدەك،
نامرات ئىكەن، خار ئىكەن.

دادىسىدىن قالغاننى،
قىمار ئويناپ ئۇتتۇرغان؛
ھۈنەر قىلاي دېسىمۇ،
دەسمىسىدىن ئايرىلغان.

ئۇ كېلىپتۇ بىر كۈنى،
يوقلاپ تېۋىپ ئوغلىنى.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

تاپماق بولۇپ ئۆزىچە،
جان بېقىشنىڭ يولىنى.

دەپتۇ تېۋىپ ئوغلىغا:
”ياتما ئۇنداق، تۇر ئاداش!
ئۆلسەكمۇ بىز ئاچلىقتىن،
بولار بىزگە كىم قاياش؟!

كېچىلىرى تام تەشسەك،
بىز قالارمىز تۇتۇلۇپ.
سولاپ قويسا زىندانغا،
چىقماق تەستۇر قۇتۇلۇپ.

ئەڭ يامىنى: قالىمىز—
ئوغرى دېگەن ئاتاققا.
قىلىپ بولماس تەۋەككۇل،
ئوغرىلىقتەك چاتاققا!...

قاراقچى بوپ يول توسساق،
كېلەلمەيمىز خەقكە تەڭ.
بىز قالارمىز تۇتۇلۇپ،
بولۇپ قالسا يولدا «جەڭ»...

تىلەمچىلىك قىلساق گەر،
ھېچكىم بەرمەس بىزگە نان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

چۈنكى ياشقۇ بىز تېخى،
تەن ساقلىقى ھەم ئايان. . .

قانداق قىلىش توغرۇلۇق،
ئويلاپ كەلدىم بىر تەدبىر.
چوقۇم كۆپ پۇل تاپىمىز،
ساقلىساقلا دىلدا سىر.

داداڭ مەشھۇر تېۋىپتۇر،
نام-شەرىپى ئەلگە پۇر.
ئاشۇ زاتنىڭ ئوغلى سەن،
بۇ بىز ئۈچۈن ئەۋزەلدۇر!

سەن قىلىسەن تېۋىپلىق،
مەن بولىمەن شاگىرتىڭ.
بۇ ئىشقا سەن كۆنسەڭلا،
قوش-قوش كېلەر ئامىتىڭ!"

تېۋىپ ئوغلى جاۋابەن،
شۇنداق دەپتۇ ئەنسىرەپ:
"تېۋىپلىقنى بىلمىسەم،
قاملاشتۇراي نېمىدەپ؟!

دادام شۇنچە ئۆگەتسە،
بەرمەپتىمەن ھېچ كۆڭۈل.

رەسۋا بولۇپ بۇ ئىشتا،
دەمسەن مېنى ئەمدى ئۆل؟!“

ئۇنىڭ دوستى قىمارۋاز،
كۈلۈپ كېتىپ دەپتۇدەك:
”مەشھۇر تېۋىپ ئوغلى سەن،
بولۇشنى بىل چوڭ يۈرەك!

تېۋىپ سۈپەت ياسانغىن،
كىيىپ داداڭ تونىنى.
يېڭى دوپپا كىيىۋال،
تاشلىۋېتىپ كونىنى!

ئاندىن ”دورا“ ياسايمىز،
”قادىر“ ھەممە كېسەلگە.
مەقسەت ئىشقا ئاشىدۇ،
شۇنىڭ بىلەن ئەمەلگە!

بىز ياسىغان شۇ ”دورا“،
پايدا قىلماس ھېچقاچان.
ھەم زىيانمۇ قىلمايدۇ،
قاملىشىدۇ ئىش ئاسان!

بارساق كېسەل كۆرگىلى،
ھويلىسىغا قارايمىز.

يەنە قازان، قاچىنى،
ئوغرىلىقچە مارايمىز.

نېمە يېگەنلىكىنى،
بىلمىمىز-دە، شۇنىڭدىن.
كېسەللىكنى تېپىشتا،
چوڭ ئاساس يوق بۇنىڭدىن!

ئاندىن كېسەل كىشىنىڭ—
تومۇرىنى تۇتىسەن.
چىرايلىق گەپ-سۆز بىلەن،
كۆڭلىنى ھەم ئۇتىسەن.

ئاندىن ”دورا“ بېرىمىز،
ئۆزى كېلەر پۇل-دەرەم.
سىنىڭ ”تاپقاق“لىقىڭغا،
قايىل بولۇر ھەر ئادەم...“

شۇنداق قىلىپ ئىككىسى،
تەييارلىقمۇ قىلىپتۇ.
”داۋالاش“قا كېسەلنى،
يۇرت ئارىلاپ مېڭىپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## 5

تېۋىپ ئوغلى كوچىدا،
ماڭسا راسا غادىيىپ؛
”شاگىرت“ ئەپكەش كۆتۈرۈپ،
ئەگىشىپتۇ موكچىيىپ.

ۋارقىراپتۇ ئۇ ”شاگىرت“،
جاكارلاپ ئەل-ئاۋامغا:
”داڭدار تېۋىپ كەپقالدى،
چىقمامسىلەر سالامغا؟!

مەشھۇر تېۋىپ ئوغلىدۇر،
ئاتا مىراس كەسپىدۇر!
ئۇنىڭ قولى خىسلەتلىك،
كېسەللەرنىڭ بەختىدۇر!...“

ئاڭلاپ ”شاگىرت“ سۆزىنى،
ئىشىنىپتۇ جامائەت.
خېرىدارى ئۇلارنىڭ،
كۆپىيىپتۇ ئالامەت!...

تۇنجى ئۆيگە كىرگەندە،
كۆزىتىپتۇ ھويلىنى.

www.uyghurkitap.com

كۆرۈپ ئۇلار سۆڭەكنى،
تېپىۋاپتۇ يولىنى.

ئۆيگە كىرسە بىر ئايال،
ياتقۇدەكمىش سۇپىدا.
ھەسرەتلىنىپ كۆيگەنچە،
كېسەللىكنىڭ ئوتىدا.

تېۋىپ ئوغلى شۇ ھامان؛
تومۇرىنى تۇتۇپتۇ.
كېسەللىكنىڭ سەۋەبى—
مەنبەسىنى "ئۇقۇپتۇ".

دەپتۇ ئاندىن كېسەلگە:
يەپ قويۇپسىز گۆشنى جىق.
كېسەللىكنىڭ سەۋەبى—
ئاشۇ گۆشتە، بۇ ئېنىق!"

بۇ ھۆكۈمدىن ھەممەيلەن،
قايىل بولۇپ سۆزلەپتۇ،
ئۇلار دورا بېرىپلا،
موك دەرەمنى كۆزلەپتۇ...

بىرىپ باشقا بىر ئۆيگە،
ئۇلار كۆرۈپ شاپاقنى؛

بىر-بىرىگە قارىشىپ،
بىلىۋاپتۇ "چاتاق"نى.

كارۋات ئۈزرە ئۈچ بالا،
ئۆلۈك كەبى ياتارمىش.
"قانداق قىلاي؟" دەپ ئانا،
چۇقان-سۈرەن سالارمىش.

تېۋىپ ئوغلى ئولتۇرۇپ،
تەكشۈرۈپتۇ بىر-بىرلەپ.
تومۇر تۇتۇپ دەپتۇدەك:
"كېسەل بولماس بى سەۋەب!

جىق يەپ قوغۇن-تاۋۇزنى،
كېسەل بوپتۇ بالىلار.
ئاغرىتىپتۇ قورساقنى،
غەلدە-غەشتە، لاۋىلار..."

بۇ ھۆكۈمدىن ئۇلارمۇ،
قايىل بولۇپ سۆزلەپتۇ.
"تېۋىپ" "دورا" بېرىپلا،
موك پايدىنى كۆزلەپتۇ!...

شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ،
ئېقىپ قاپتۇ "ھۈنىرى".

مۇلۇك، دەرەم-پۇلىمۇ،
كۆپىيىپتۇ كۈنسېرى.

تېۋىپ ئوغلى دەپ قاراپ،
ھەركىم ئاڭا پۈتۈپتۇ.
يۇرت-يۇرتلاردا كېسەللەر،
نۆۋىتىنى كۈتۈپتۇ...

كېيىن ئۇلار يۇرتلارغا،
بارمايدىكەن ئالدىراپ.
يەڭگىل كېسەللەر ئۆزى،
كېلىدىكەن ھاسىراپ.

بەزى ئېغىر كېسەلنى،
ئېپكېلەركەن ھارۋىدا.
قول قوشتۇرۇپ تۇراركەن،
”مەشھۇر تېۋىپ“ ئالدىدا.

ياساپ قويۇپ ”تېۋىپلار“،
بىرنەچچە خىل ”دورا“نى؛
ئۇندۇرۇپتۇ مال-مۈلۈك،
ئېتىپ تازا پورىنى...

”ئاتا مىراس تېۋىپ“نىڭ،
داڭقى ھەريان كېتىپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىككى ھۆرۈن بىرمەھەل،
مەقسىتىگە يېتىپتۇ. . .

ئويلىماپتۇ ئۇلار ھېچ،
بولۇشىنى شەرمەندە.
ئالدامچىلىق بوپتۇ پاش،
بىر كۈن كېسەل كۆرگەندە:

كېلىپ قاپتۇ بىر يىگىت،
چاقىرغىلى ئۇلارنى؛
سوۋغات قىلىپ بىرمۇنچە،
ئۈزۈم، ياڭاق، ئانارنى.

دەپتۇ: ”يىراق كۆرمەستىن،
بىزنىڭ ئۆيگە بارغايلا.
كېسەل ئىدى جان دادام،
ئاڭا نەزەر سالغايلا!

ئېغىر بولغاچ ئەھۋالى،
ئېپكېلىشكە بولمىدى.
يوللارمۇ ھەم بەك ئوسال،
ئۆيدە ھارۋا يوق ئىدى. . .“

ئاتلىرىغا مىنىشىپ،
بەك ئىشىنىپ ئۆزىگە؛

www.uyghurkitap.com

ھەيۋەت بىلەن بېرىپتۇ،
ئاشۇ يىگىت ئۆيىگە.

نەزەر سېلىپ ھويلىغا،
ھېچنېمىنى كۆرمەپتۇ.
ئالاقزادە بولۇشۇپ،
بېشىدىن ئىس ئۆرلەپتۇ!

بىر بۇلۇڭدا تۇرارمىش،
ئېشەكنىڭ جۇل توقۇمى.
يېقىن بېرىپ قارىسا،
كۆرۈنمەپتۇ قوشقۇنى.

شۇ بىر توقۇمدىن باشقا،
يوق ئىكەن ھېچبىر نېمە.
ئۇلار ئۆيگە كىرىپتۇ،
بولغىنىچە بەك جىلە.

دادىسىنى يىگىتنىڭ،
شۇنداق بىر قۇر ”تەكشۈرۈپ“؛
دەپتۇ ئادەت بويىچە،
تومۇرنى تۇتۇپ كۆرۈپ:

”. . . قارىغاندا ئەھۋالدىن،
توقۇم يېگەن ئوخشايلا!

شۈنچە مەينەت قۇشقۇننى،
يەپ تاشلاپلا ئۇقمايلا!

تەنلىرىدە كېسەللىك،
دەل شۇنىڭدىن باشلانغان!
يۇقۇپ ئېشەك يېغىرى،
كۆزلىرىمۇ ياشلانغان!"

"تېۋىپ"نىڭ بۇ سۆزىدىن،
ھەممە ھەيران بولۇپتۇ.
قاراپ تۇرغان كېلىنلەر،
ئېغىز توسۇپ كۇلۇپتۇ! . . .

ئۆزلىرىنى تۇتالماي،
ھەممە قاتتىق كۇلۇشۇپ؛
كەتكىلىمۇ تاس قاپتۇ،
ئۇچەيلىرى ئۈزۈلۈپ! . . .

يىگىت توختاپ كۇلكىدىن،
دەپتۇ: "قويۇڭ چاقچاقنى!
بىزنى ئۇنداق كۇلدۈرمەي،
دەپ بېقىڭچۇ «چاتاق» نى!"

"تېۋىپ" شۇندا ئالىيىپ،
سارغىيىپ ھەم تاتىرىپ؛

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

دەپتۇ يەنە يىگىتنى،
بىر بۆلۈككە چاقىرىپ:

”راست گەپ قىلدىم، دادىڭىز—
جەزمەن توقۇم يېگەن گەپ!
قاراڭ، ئىشەنمىسىڭىز،
ئاۋۇ توقۇمدا سەۋەب!

گەر يېمىسە توقۇمنى،
كەمتۈك، يىرتۇق ئۇ نېچۈن؟!
يەپ كەتمىسە دادىڭىز،
بولاتتى توقۇم پۈتۈن!...“

تېۋىپ ئوغلى شۇنداق دەپ،
”دورا“ بەرمەك بولۇپتۇ.
يىگىت جىسمى شۇ ئەسنا،
دەرغەزەپكە تولۇپتۇ!

دەپتۇ: ”يوقال ئالدامچى!
كەسمەي بىكار تىلىڭنى!
تىغ ئالماستا قولۇمغا،
ئېلىپ كەت ئىت جېنىڭنى!!!

سالماقچىمۇ سەن جىگدە،
كەمبەغەللىك بۆكىگە؟!...“

شۇنداق دېگەچ "تېۋىپ"نىڭ،
چىڭ تېپىپتۇ كۆتىگە!

"تېۋىپ" ھەمدە "شاگىرتى"،
ئاتقا مىنىپ قېچىپتۇ...
بۇ ئىش شۇنچە تېزلىكتە،
ھەر تەرەپكە يېتىپتۇ...

شۇ ئىككى ئالدامچىغا،
لەنەت ئوقۇپ ئەل-ئاۋام؛
تىل ياغدۇرۇپ يۇرت ئىچرە،
بېرىشمەپتۇ ھېچ ئارام.

تېۋىپ ئوغلى قىلسىمۇ،
ئىشلىرىغا پۇشايمان؛
كېيىن چەككەن ھەسرىتى،
پايدا بەرمەپتۇ ھامان.

"ئالدامچىنىڭ قۇيرۇقى—
بىر تۇتامدۇر" دېگەن گەپ،
دەل شۇنىڭدىن قالغانكەن،
بىزمۇ كەلدۇق شۇنى دەپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# خاتىمە

بۇ چۆچىكىم تۈگىدى،
ئىبرەت ئېلىڭ، ئوقۇرمەن.
چۆچەكتىكى ۋەقەگە،
نەزەر سېلىڭ، ئوقۇرمەن.

ھالال مېھنەت قىلسىڭىز،
نامىڭىزنى ئۆچۈرمەس.
ئىلىم ئىشى مەڭگۈگە،
ساختىلىقنى كۆتۈرمەس.

2000-يىل 5-ئاي، قەشقەر.

# سەبیلەر قەلبدن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىچى ئادرېسى

# ئارزۇيۇم

خۇددى كۈندەك دىلدا ئىشەنچ نۇرلىنىپ،
گاڭ بىلەكلىك جەڭچى بولۇش ئارزۇيۇم.
يىلنى قىستاپ تولسام دەيمەن قەرەلگە،
بىراق كىچىك تېخى مېنىڭ ياش، بويۇم.

چوڭ بولغاندا جەڭچىلىككە يارايمەن،
ئۈمىدىمنىڭ ئۇچقۇنىغا ئوت يېقىپ.
ۋەتىنىمنى قارچۇغۇمدەك ساقلايمەن،
چېگرىلاردا ھوشيارانە كۆز تىكىپ.

شەرەپ ماڭا جەڭچى بولسام مۇبادا،
ئالقىشىم كۆپ يۈرىكىمدىن-دىلىمدىن.
ئىرادەم بار، نى مۇشكۈللەر كۆمپەيكۈم،
شان كەمىرى يېشىلمەيدۇ بېلىمدىن.

1957-يىل 8-ئاي، قەشقەر.

# لەگلەك

گۈل چېكىلگەن قەغەزدىن،
ياسىۋالدىم بىر لەگلەك.
چۈچىسىنى بېكىتتىم،
پۈتتى ”چوكان سېكىلەك“.

قويۇپ بەردىم ئاسمانغا،
ئۇچتى قۇشتەك لەپىلدەپ.
يىپىنى تۇتۇپ ئۇچىدىن،
يۈگرەپ ماڭدىم ئەگىدەپ.

زوقمەنلىكتە، ھەۋەستە،
كۆز تىكەتتىم لەگلەككە.
ئۆرلەپ كەتتى لەگلىكىم،
بۇلۇتلاردىن ئۆتمەككە.

چىقماق بولدۇم ئاسمانغا،
ئاڭا قانات بېكىتىپ.
بولاي دېدىم ئىجادكار،
پەن سىرىنى كەڭ ئېچىپ.

1958-يىل 2-ئاي، قەشقەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئايغا مېھمان بولسەن

ئاڭلىغانتىم بورۇندىن،
ئاي ھەققىدە كۆپ چۆچەك.
كۆز تىكەتتىم ئاسمانغا،
ئايغا ئۇچماق بولغاندەك.

قەلبىمدىكى ئىنتىلىش،
ئۆرلەر ئىدى داۋاملىق؛
سوئال قويۇپ موماملغا،
بەرمەس ئىدىم ئاراملىق:

”يۈزىدىكى نېمە داغ،
ئاي نېمىشقا دۈگىلەك؟
تۇرماي دائىم جايىدا،
قانداق ماڭار چۆگىلەپ؟...“

—”خۇدا بىلەر بۇ سىرنى،
ئۇخلا قوزام، ئۇخلىغىن، —
دەپ بەزلەيتتى قېرى چال، —
مۇنداق سوئال سورىمىغىن.“

*　　*　　*

ئارزۇ ئاشتى ئەمەلگە،
ئاينىڭ يولى ئېچىلىپ.
چۆچەكتىكى تىلسىمنىڭ،
سىر-تۇگۈنى يېشىلىپ.

ئايغا مېھمان بولىمەن،
يېتىپ ئارزۇ-مۇرادقا.
پەن-بىلىمدىن، ھۈنەردىن،
ئىگە بولۇپ قاناتقا.

1959-يىل 9-ئاي، قەشقەر.

# ئانا ئارزۇسى

ئۆز ئوغلىنىڭ بەختى—ئانا بەختىدۇر،
مىڭ رازىمەن مەن سېنىڭدىن جان بالام.
ئۆسكىن، ئۆلغاي، بۇ گۈللەشنىڭ ۋاقتىدۇر،
ئەجدادلىرىڭ سىزىپ بەرگەن يول تامان.

مېۋە بەرسە تەرگەن قىزىل ئۇرۇقلار،
ئىخ ئۆرگىلەي، شۇ ئاناڭنىڭ شادلىقى. . .

سەن مېنىڭكى نۇر چىراغىم، كۆزۈمسەن،
سەنسىز ماڭا يوقتۇر ھايات تاتلىقى.

ئارزۇيۇم شۇ: پاك قەلبىمنىڭ ئىشىكى،
غۇنچە ئوخشاش پۇراق چېچىپ ئېچىلغىن!
قەھرىمانلىق، باتۇرلۇقنىڭ كۆكسىدە،
نۇر تارتىپ، يالقۇن بولۇپ چېچىلغىن!

1961-يىل 3-ئاي، قەشقەر.

## ئوغلۇم ئارزۇسى

ئىشتىن يېنىپ ئۆيگە كەلسەم،
ئوغلۇم غەيرەت ئويۇندا؛
چۇۋۇق مىنىپ ئات ئويناپتۇ،
يۈگەنلىرى بويىندا.

بىر قولىدا قامچىسى،
ئاتنى ئۇرۇپ چاپتۇرار.
تايچاق شوخشۇپ، تىپچەكلەپ،
قانات ياساپ تېز ئۇچار.

ئوڭ قولىدا مىلتىقى،
زەپ چىرايلىق ياسالغان.
شوينا بىلەن شىمىداپ،
يەلكىسىگە ئېسىلغان.

شەپكىسىدە بەش يۇلتۇز،
نۇر چاچىدۇ پارقىراپ.
زوقلىنىپ دەم ئىچىمدە،
ماڭدىم شۇ يان ئالدىراپ.

مېنى كۆرۈپ ئەگىدەپ،
چىپ توختىدى يېنىمدا.
سالام بېرىپ بىر ئەپلىك،
ماڭدى يەنە ئويۇنغا.

غەلىبە قىلىپ "هۇررا!" دەپ،
بىر ئايلاندى يېنىمدىن.
كوماندىرى مەن بولدۇم،
توختاپ قالدى كېيىمدىن:

—قانداق ئويۇن بالام بۇ،
تىنمايدىغان بىر مىنۇت.
باشقىسىنى ئوينىغىن،
هاردۇق ئېلىپ، ئولتۇرۇپ...

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى

—جېنىم دادا ياقىدۇ،
مۇشۇ ئويۇن دىلىمغا،
جەڭچى بولۇش ئارزۇسى،
سىڭگەن يۈرەك قېنىمغا...

دېگىنىدە غەيرەتجان
كۆتەردىم دەس ئېگىزگە.
ئۇنىڭ بىلەن شۇڭغۇدۇم،
ئىستىقبال دېڭىزىگە.

—"شېكەر تىلىڭدىن ئۆرگۈلەي،
ئارزۇيۇڭغا تەسەددۇق.
جەڭچى، ئالىم، شائىر... بول،
ھەممىسىگە يول ئوچۇق!"

1962-يىل 2-ئاي، قەشقەر.

## بەختى پارلاق پىئونېر

كوممۇنىستىنىڭ نەۋرىسى،
كومسومولنىڭ ئىنىسى،
كوممۇنىزم ۋارىسى،
بايراقچىسى-تۇغچىسى،
بەختى پارلاق پىئونېر.

پارتىيىنى دىلىدىن،
ئارتۇق كۆرگەن جېنىدىن،
قۇۋەت ئېلىپ سۆزىدىن،
ماڭغان دادىل ئىزىدىن،
قەلبى قايناق پىئونېر.

كەڭ ۋەتەندە يايرىغان،
گۈلدەك ياشناپ ئاينىغان،
سائادىتى پارلىغان،
دىلىنى شادلىق چارلىغان،
خۇشال-خۇشچاق پىئونېر.

كۈرەش قىلىپ ئۆملۈكتە،
باغ ياسىغان مەكتەپتە،
ئۆگىنىشتە-ئەمگەكتە،
تىنماي ئالغا سەكرەشتە،
نامى چاقماق پىئونېر.

دوستلار بىلەن سۆيۈشكەن،
مېھىر قويۇپ كۆيۈشكەن،
بىللە ئويناپ كۈلۈشكەن،
چىن دوستلۇقتا ئۆتۈشكەن،
ئىجىل-ئىناق پىئونېر.

شادلىقىدىن كۈي توقۇپ،
ناخشا ۋە غەزەل ئوقۇپ،
باراۋان-دۇمباق سوقۇپ،
تىترەتكەن ئاسمان-ئوپۇق،
ھەممە ئامراق پىئونېر.

ۋەتىنىمنىڭ غۇنچىسى،
كېلىچەكنى-كەلگۈسى،
قوشىقىنىڭ ئۈنچىسى،
ئىلھامچىسى-كۈيچىسى،
ئۈمىد-چىراغ پىئونېر.

1962-يىل 3-ئاي، قەشقەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

# يۇرۇك دوستلار مەكتەپكە

(چاتما)

## ئانا مەكتەپ

دىلغا چىراغ ياندۇرۇپ،
ئىلىم بەرگەن، نۇر بەرگەن؛
كۆڭلىمىزنىڭ بېغىغا،
خۇشپۇراقلىق گۈل تەرگەن—

ئانا مەكتەپ سېنى بىز،
قەلبىمىزدىن سۆيىمىز.
سەن ئىككىنچى ئانىمىز،
چىن مېھرىڭدا كۆيىمىز.

## يېڭى ئوقۇش يىلىمىز

بۈگۈن مانا باشلاندى،
يېڭى ئوقۇش يىلىمىز،

خوشاللىقتا-شادلىقتا،
چۆمدى بىزنىڭ دىلىمىز.

بىز مەكتەپكە ماڭغاندا،
كۆكنى ياردى ئۈنىمىز.
قولىمىزدا گۈلدەستە،
ئۇستازلارغا سۇنىمىز.

كېلەر يىللىق ئوقۇشقا،
كۆچ توپلىدۇق ھەممىمىز.
كۈندىن-كۈنگە ئۆرلەشكە،
چىڭ باغلاندى بىلىمىز.

ئىلىم-پەننىڭ ئىشقىدا،
يالقۇن بولدى قەلبىمىز.
تىك چوققىغا چىقىشقا،
پىدا بىزنىڭ جېنىمىز.

## تۈنجى قوڭغىراق

قاتار-قاتار گىلاستوكلۇق باللار،
خۇشاللىنىپ كىرىپ كەلدى مەكتەپكە.
تىلى تاتلىق قىزىل گۈللەر-لاللەر،
ئوخشار ئىدى باھاردىكى چېچەككە.

— سالام، ئۇستاز! . . .
— سالام دولقۇن، ئازادەم. . .
— ئانا بالا كۆرۈشكەندەك كۆرۈشتى.
ئۇلار تورار بىر-بىرىگە كۆز تىكىپ،
لېكىن شۇ تاپ يۈرەكلىرى سۆيۈشتى.

خۇشخوي، خۇشۋاق قەلبى نۇرلۇق ئۆسمۈرلەر،
مەكتىپىگە قېنىپ-قېنىپ باقاتتى؛
مەكتەپ بېغى-گۈلزارىدا تىنىمسىز،
كېپىنەكتەك شوخشۇپ قانات قاقاتتى.

باغنىڭ ئىچى جۇلالىيدۇ ئاجايىپ،
بايرام تۈسى ئالدى ئەتراپ— ھەممە ياق.
شۇ مىنۇتتا سىنىپلارغا چاقىرىپ،
جاراڭلىدى ئەلڭ دەسلەپكى قوڭغىراق.

ھاياجاندا كىرىپ ئۇستاز سىنىپقا،
باقتى ھەمسات مۇھەببەتلىك كۆز بىلەن.
ئاچتى ئاندىن كىتابنىڭ باش بېتىنى،
دەرس باشلىدى مەرىپەتلىك سۆز بىلەن.

ئۆسمۈر قەلبى دېڭىزىغا بىلىمنىڭ—
ھايات بەخش دەريالىرى قۇيۇلدى!

شاگىرتلىقنىڭ ئاشۇ ئىسسىق مىنۇتى،
دىللىرىغا نەقىش بولۇپ ئويۇلدى! . .

1963-يىل 9-ئاي، قەشقەر.

## بەش يۇلتۇز

ئەڭ ئەزىز نەرسىگە مېھىر قويغاندەك،
كۆزۈمنى ئۈزەلمەي قارايمەن دائىم.
قەلبىمدە بىر روشەن چىراغ يانغاندەك،
قىزىل نۇر ھۆسنىدە پارلار چىرايىم.

بەش يۇلتۇز—جەڭچىنىڭ شەرىپى، شانى،
بەش يۇلتۇز—بەش مەشئەل نۇرلىنىپ يانغان.
بەش يۇلتۇز تاقىغان كۈرەشچان مەردلەر.
زۇلۇمنى يوقىتىپ ئۈستۈنلۈك ئالغان.

ۋۇجۇدى تۇشتىن ئۇرغۇتىپ غەيرەت،
چۆللەرنىڭ يۈزىگە يايغان يېشىللىق؛
ھەر ئۆتكەل چېلىشتا بولغاچ غەلىبە يار،
بەش يۇلتۇز چېكىگە گۈل قىپ ئىسسىقلىق.

مەيلىمنى بىرسىگە بېرىپ قويغاندەك،
بەش يۇلتۇز ھۆسنىگە تويماي قارايمەن!

ياشلىق ئارزۇيۇم قاقىدۇ قانات،
چوڭ بولۇپ يۇلتۇزنى مەنمۇ تاقايمەن! . . .

1964-يىل 2-ئاي، قەشقەر.

# تەتىل تەسراتلىرى

(چاتما)

## ئايرىلمىدىم كىتابتىن

ئايرىلمىدىم كىتابتىن،
بۇ يىل يازلىق تەتىلدە.
ئۇستازىمنىڭ سۆزىنى،
ئورۇنلىدىم ئەمەلدە.

ھەربىر دەرسنى — ماۋزۇنى،
كۆز ئالدىمدىن ئۆتكۈزدۈم.
تاپشۇرۇقنى ۋاقتىدا،
ئىشلەپ تولۇق پۈتكۈزدۈم.

كىتاب مېنىڭ جان دوستۇم،
ماڭا ھەمراھ ھامانە.

كۆپلەپ بىلىم ئالىمەن،
شۇنى كۈتەر زامانە.

## بولدۇم كىچىك تەشۋىقاتچى

ئىشتىن يېنىپ ئەزالار،
كەلگىنىدە باراڭغا؛
قىزغىن سۆھبەت قورۇشۇپ،
چۈشكىنىدە پاراڭغا؛

چاقىردىم مەن دىققەتكە،
قولاق سالدى ھەممەيلەن.
تەشۋىقاتنى باشلىدىم،
ئاددىي، راۋان تىل بىلەن.

قۇرۇلتاينىڭ روھىنى،
ھەربىر دىلغا سىڭدۈردۈم.
يەنە بىرىپ ئۆيمۇئۆي،
قېرىلارغا بىلدۈردۈم.

ئاڭلاپ ئۇنى دېھقانلار،
ئىچ-ئىچىدىن شادلاندى.
كۆرۈپ روشەن ئىقبالنى،
چوڭ سەپەرگە ئاتلاندى.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

# لېي فېڭ روھى قەلبىمدە

قىلىپ بەردىم ياخشى ئىش،
ماڭا ھاجەت كىشىگە.
جان كۆيدۈردۈم داۋاملىق،
كوللېكتىپنىڭ ئىشىگە.

تەردىم باشاق، دانلارنى،
ئېتىزلاردىن، خاماندىن.
ئوغۇت يىغدىم تاغارلاپ،
مەھەللىدىن، ھەر ياندىن.

قېرىلارغا قارارلىق،
يېرىپ بەردىم ئوتۇننى.
كىر-قېتىنى يۇيدۇم ھەم،
ياردەم قىلىپ سوپۇننى.

قىزى يوققا قىز بولدۇم،
ئوغلى يوققا ئۆز ئوغۇل.
لېي فېڭ روھى قەلبىمدە،
ئاچقاچ شۇنداق قىزىلگۈل.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئېتىزدا

يېزىمىزدا ـ گۈلشەندە،
ئوما ئوردۇم ھارماستىن.
ئۆزۈم كىچىك بولسامۇ،
باشقىلاردىن قالماستىن.

تەردىم ئېتىز، خاماندا،
چېچىلغاننى قويماستىن.
ئارمان قالدى يۈرەكتە،
ئوما ئورۇپ تويماستىن.

قانداق تورسۇن مۇھەببەت،
دېھقان ئۈچۈن ياناماستىن.
ئېتىزدا ئىشلەپ چېنىقتىم،
بەدەنلىرىم ئالماستىن.

# سۇ ئۈزۈش

ئالتۇن قۇياش نۇر چېچىپ،
كۆككە جىيەك تاقاندا؛
ئۆستەڭلەردە سۈزۈك سۇ،
شاۋقۇنلىنىپ ئاققاندا؛

كەلدۇق ئۆستەڭ بويىغا،
ساۋاقداشلار راسلىنىپ،
ئۈزدۇق سۇدا بەھوزۇر،
راھەتلىنىپ، شادلىنىپ.

ئۈزۈپ چىقتۇق مەنزىلگە،
مۇسابىقە-بەس-بەستە.
شۇنداق خۇشال ئوينىدۇق،
ئەتىگەندە ھەم كەچتە.

سۇ ئۈزۈشتە چېنىقتىم،
راست تاۋلاندى ئىرادە.
سالامەتلىك— ساغلاملىق،
ئاشتى تولا-زىيادە.

## ساياھەت

دۇمباق چېلىپ سەپ تۈزۈپ،
تاققا قىلدۇق ساياھەت.
دولقۇن، نىغمەت، گۈلسەنەم،
كۆرسەتتى كۆپ ماھارەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىدىكى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مۇز قاپلىغان چوققىنىڭ،
چىققىنىدا ئۇچىغا؛
ھەيران قالدۇق ئۇلارنىڭ،
پاراستى، كۈچىغا.

ئۈستى بىزدە باتۇرلۇق،
قەھرىمانلىق جاسارەت.
زادى ئەستىن چىقمايدۇ،
تاققا قىلغان ساياھەت.

## چۈجە

چۈجە باقتىم بىر تالاي،
دان چېچىپ ھەم سۇ قويۇپ.
چوكۇلدىسا چۈجىلەر،
خۇشاللاندىم زوقلىنىپ.

دالىلاردا ئوينىدىم،
چۈجىلەرنى ئوتلىتىپ؛
ھەم ئۇنىڭكى دۈشمىنى،
سار، قوزغۇننى يوقىتىپ.

چۈجىلەرنى ئەي قىلىپ،
يېتىشتۇرسەم بەرىنى.

ئورۇندايمەن ئەمەلدە،
مەكتەپنىكى ۋەدىنى.

* * *

ئۆتتى شۇنداق تەتىلىم،
زەپ كۆڭۈللۈك، مەزمۇنلۇق.
شېئىر يازدىم دوستلارغا،
تەسىراتىم توغرۇلۇق.

1979-يىل 8-ئاي، قەشقەر.

## ئېلىيارجاننىڭ تىلىكى

كەنجى ئوغلۇم ئېلىيارجان
ئەلاچىدۇر ئوقۇشتا.
ئوقۇغاننى كۆڭۈلگە،
ئىخلاس بىلەن توقۇشتا.

دائىم مودېل ياسايدۇ،
تاپشۇرۇقنى تۈگىتىپ.
زېرىكمەيدۇ ھەرگىزمۇ،
ئۆكىسىغا ئۆگىتىپ.

مودېلىنىڭ قاق كۆكسىگە،
ئورنىتىدۇ موتۇرنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىلغان ئادرېسى

ياسىۋالغان ئىككەكلەپ،
پارچە-پۇرات تۆمۈرنى.

قاتتىق كارتون قەغەزدىن،
پۈتكەن ئىككى قانىتى.
ئۇقۇغاننى ئىشلىتىش
ئۇنىڭ ياخشى ئادىتى.

ئۇچقان چاغدا ساموليوت،
قايناپ تاشار شادلىقى.
بارچە ئويۇن ئىچىدە،
شۇ قىزىقى-تاتلىقى.

ليوتچىك بولۇش ئارزۇسى،
چىڭ ئورنىغان دىلىغا.
ئايلىنىمەن، دەيدۇ ئۇ،
ئەلنىڭ ئالىم ئوغلىغا.

1994-يىل 6-ئاي، قەشقەر.

# نەۋرە قىزىم

بىر نەۋرەم بار بەك ئوماق،
گۈلزىبا ئاتلىق.
نەۋرە دېگەن شۇنداق بولسا،
بالا بەك تاتلىق.

بىر جۈپ كۆزى نۇرلۇق چىراغ،
قاشلىرى قارا.
ئىككى مەڭزى قىزىل ئالما،
چاچلىرى تالا.

ئۆگىنىشتە ئەلاچى ئۇ،
سىنىپ كادىرى.
مۇكاپاتنى قوشلاپ ئالار،
خۇشخەت ماھىرى.

دەرس ۋاقتىغا ھەر دائىم،
كېچىكمەس ھەرگىز.
تاپشۇرۇقنى ئىشلەيدۇ،
شۇنچە بەلەن، تېز.

هۆرمەتلەيدۇ چوڭلارنى،
بەكمۇ مېھرىبان.
ياخشى ئىشقا پەرۋانىدۇر،
ھەر يەردە ھامان.

مۇقىملىقنى-تىنچلىقنى،
ئەلا بىلىدۇ.
ئىتتىپاقلىق كۈيىنى،
ئوقۇپ تۇرىدۇ.

باغۋەن خۇشال بولمامدۇ،
كۆچەت گۈللىسە.
بەختىم شۇدۇر گۈلزىبا،
ئالغا ئۆرلىسە.

1997-يىل 5-ئاي، قەشقەر.

## ھەر ئىشنىڭ ئۆز ئېپى بار

مايمۇن دېگەن ئەقىللىق،
ھەممە ئىشنى بىلىدۇ.
بەزى چاغدا شۇ ئەقلى،
دۇمبىسىگە چىقىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

I

يازنىڭ ئوچۇق بىر كۈنى،
مايمۇنلار توپ ئوينىدى.
چۇشۇپ ھەممە مەيدانغا،
ھەر تەرەپتە سويلىدى.

قىيا-چىيا ئاۋازى،
يەتتى كۆككە-پەلەككە.
شۇ ئەسنادا قول توپى،
چۇشۇپ كەتتى كۆلچەككە.

كۆلچەك ئىدى بەك چوڭقۇر،
سۇ قۇيۇلۇپ تۇراتتى.
مايمۇنلار باش چايقىشىپ،
ئامال ئىزدەپ يۇرەتتى.

كۆلچەك تولۇپ لەببەلەپ،
توپ لەيلىدى ھەمساتتا.
خۇشاللىنىپ مايمۇنلار،
توپنى سۈزدى پالاقتا.

II

ھاۋا تۇتۇق بىر كۈنى،

ماينمۇنلار توپ ئوينىدى.
چۇشۇپ ھەممە مەيدانغا،
ئويناپ-ئويناپ تويمىدى.

شۇ ئەتراپتا بەكمۇ تىك
بىرلا قۇدۇق بار ئىدى.
ئەلمىساقتىن شۇ قۇدۇق
جانلىقلارغا يار ئىدى.

چۇشۇپ كەتتى پۇتلۇشۇپ،
نۆۋەي مايمۇن بالىسى.
ئويۇن تۈگەپ يانغاندا،
ئاندىن بىلدى ئانىسى.

ھەممەيلەن جەم بولۇشتى،
تىك قۇدۇقنىڭ بېشىغا.
چارە-تەدبىر ئويلاشتى،
مايمۇنجاننىڭ ئىشىغا.

ئاخىر بىرسى دېدىكى:
”سۇ قويايلى قۇدۇققا.
توپمۇ شۇنداق چىقتىغۇ،
ئۆزى كەلدى قىرغاققا.“



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىرى ئادرېسى

باشمۇ تازا قاتقاندا
ياقتى بۇ گەپ قۇلاققا.
ئىرىق چىپىپ، بۇلاقنى—
تۇتاشتۇردى قۇدۇققا.

تولدى قۇدۇق لەببەلەپ،
بالا مايمۇن لەيلىدى.
ئانا ئاچتى هازىنى،
دادۇ-پەرياد ئەيلىدى.

مايمۇنلارنىڭ هەسرەتتە
جىمىرلىدى يۈزلىرى.
سۇدىكى بۇ قىسمەتتىن،
چەكچىيىشتى كۆزلىرى...

* * *

هەر ئىشنىڭ ئۆز ئىپى بار،
شۇ ئىپىنى تاپقۇلۇق.
بىر قۇلۇپنى پەم بىلەن،
بىر ئاچقۇدا ئاچقۇلۇق!

1996-يىل 2-ئاي، قەشقەر.

# ياڭراق ناخشىلار

www.uyghurkitap.com

# تېرىمچى قىز ناخشىسى

كېۋەز گۈللەپ ئېچىلدى،
كۆزنى چېقىپ پارقىراپ.
پاختىزاردا ئىشلەيمەن،
ناخشا ئېيتىپ، ۋارقىراپ.

مېھنىتىمنىڭ گۈلى بۇ،
ئاپئاققىنا ئېچىلغان.
گۈلبېغىمنىڭ بوينىغا،
مارجان بولۇپ ئېسىلغان.

ئىككى قوللاپ تېرىيمەن،
ئېچىلغاننى ئۈدۈللاپ.
تالماس ھەرگىز بىلكىم،
تەرسەم-يىغسام تونىلاپ.

تاغ ياسىسام پاختىدىن
خۇشاللىققا تولىمەن.
توقۇمىچى دوستۇمغا،
سوۋغا قىلىپ سۇنىمەن.

1958-يىل 8-ئاي، قەشقەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئۆستەڭ چاپتىم سېنى دەپ

ئۆركەش ياساپ ئاققان سۇ،
زىنىنتىدۇر يېزىنىڭ.
دىل مېھرىنى تارتىدۇ،
دېھقان ئوغۇل-قىزىنىڭ.

ئۆستەڭ چاپتىم سېنى دەپ،
ئېتىزلارغا ئاچ، گۈلۈم.
مول ھوسۇلنىڭ جېنى بۇ،
مايسىلارغا چاچ، گۈلۈم.

يېڭى چاپقان ئۆستەڭنىڭ،
ئېگىزلەتتىم قېشىنى.
چىن مېھنەتتىن زوقلىنىپ،
كەلگىن ئەمدى ئىچىلى.

1959-يىل 10-ئاي، قەشقەر يېڭىشەر.

# گۈلباغ بىزنىڭ يېزىمىز

گۈلباغ بىزنىڭ يېزىمىز،
ئۇندا گۈللەر ئېچىلغان.
ئۇنىڭ خۇشبۇي ھىدلىرى،
ھەر تەرەپكە چېچىلغان.

كۆز چاقنىتار جامالى،
يۈرەكلەرگە زوق بېرىپ.
غەيرەت بىلەن ئىشلەيمىز،
پەرھات كەبى تاغ يېرىپ.

قايتارما:

گۈلباغ بىزنىڭ يېزىمىز،
بۇلبۇل ئاڭا دىلخۇمار.
كەتمەس ئۇنىڭ قوينىدىن،
مىسلى گۈزەل نەۋ باھار.

1959-يىل 11-ئاي، قەشقەر يېڭىشەھەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# ئەللەي ناخشىسى

ئۇخلا قوزام شادىمان،
بەخت بېغى-يەسلىدە.
زامانىمىز گۈلى سەن،
ياشنىغان تۆت پەسلىدە.

يېسەڭ مايلىق نېنىڭ بار،
ئىچسەڭ سۈتلۈك چېيىڭ بار.
ئوينىاي دېسەڭ ئويۇنچۇق،
چالساڭ راۋاب، نېيىڭ بار.

تالماس ھەرگىز قوللىرىم،
بۆشۈكۈڭنى تەۋرەتسەم.
ئۈمىدىم شۇ: ۋەتەنىنىڭ
جەڭچىسى قىپ ئۆستۈرسەم.

1960-يىل 6-ئاي، قەشقەر مارالبېشى.

# پارتىيە ھەققىدە ناخشا

ئەي ئۇلۇغ كومپارتىيەم،
تومۇردىكى قېنىمسەن.
ھايات بېرىپ ئۆستۈردۈڭ،
كۈچ قۇۋۋىتىم-جېنىمسەن.

بۇلبۇل بولۇپ سايرىسام،
شېكەر تامار تىلىمسەن.
سۈتتەك ئاپئاق بىغۇبار،
قەلبىمسەنۇ— دىلىمسەن.

تەنگە دەرمان مادارىم،
يۈلەنچۈكۈم تېغىمسەن.
قىشى بولماس باھارىم،
گۈلگە تولغان بېغىمسەن.

ئەتىمىز پارلاق گۈزەل،
نۇر چاچقۇچى ماھىمسەن.
شانلىق ئۇزۇن سەپەردە،
يولباشچىمسەن-داھىمسەن.

1960-يىل 7-ئاي، قەشقەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# قولۇڭ گۈلمۇ، ئالتۇنمۇ؟

نامى قوتلۇق ئارمىيە،
مېھرىڭ چەكسىز دىللاردا.
شۆھرىتىڭ، شەرەپ-شانىڭ،
غەزەل-داستان تىللاردا.

سەن ئېلىمنىڭ قۇدرىتى،
پولات قالقان، تۇۋرۇكسەن.
بېغىشلىدىڭ خەلقىمگە،
ئاسايىشلىق، ھۆرلۈكسەن.

بوستانلارنى گۈل دېسەك،
گۈل ئۈستىگە گۈل باستىڭ.
قىقىر سايىنىڭ، غاش چۆلنىڭ،
بوينىغا چېچەك ئاستىڭ.

قايتارما:

نامى ئۇلۇغ ئارمىيە،
قولۇڭ گۈلمۇ، ئالتۇنمۇ؟
ئەلگە مېھرىڭ-ئەقىدەڭ،
قۇياشمۇ يا يالقۇنمۇ؟

1960-يىل 8-ئاي، قەشقەر.

# يېزا قىزى—روشەنگۈل

يېزا قىزى—روشەنگۈل،
ئاي دالاغا بارامسەن؟
ھەيران ساڭا خالايىق،
ئىشلەپ زادى تالامسەن؟

كەڭ ئېتىزغا يول ئالساڭ،
غۇلاچ-غۇلاچ سول ئالساڭ؛
يېڭىسەن يىگىتلەرنى،
مەيدە قېقىپ قول سالساڭ.

تولۇن ئايدەك يۈزۈڭگە،
جۈپ ياقۇتتەك كۆزۈڭگە؛
كۆيۈپ قالغان يىگىتمەن،
تەشنا سىنىڭ سۆزۈڭگە.

ئىش قوينىدا سىنىغىن،
ماڭا ئېغىر شەرت قويۇپ.
ئاندىن كېلەي ئالدىڭغا،
ساڭا ئوخشاش مەرد بولۇپ.

1961-يىل 3-ئاي، قەشقەر.

# يېزىمىز گۈزەل

يېزىمىز گۈل-گۈلستان،
مىسلى جەننەت بىر بوستان.
يېزىمىزنى مەدھىيلەپ،
ئوقۇيمىز غەزەل داستان.

قايتارما:
يېزىمىز گۈزەل بىزنىڭ،
مېھرىمىز غەزەل بىزنىڭ.

بۇلبۇل تەشنا گۈللەرگە،
بېلىق دەريا-كۆللەرگە.
راسا ئىشلەپ تەر تۆكۈپ،
ھايات بەردۇق چۆللەرگە.

كومپارتىيە بولغاچقا،
ھاياتىمىز گۈل بىزنىڭ.
ئەمگەك ئەجرىمىز ئالتۇن،
ھوسۇلىمىز مول بىزنىڭ.

1962-يىل 3-ئاي، قەشقەر.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# كەلگىن يارىم يېزىغا

ماڭا راستىن كۆيەمسەن؟
مۇھەببىتىڭ گۈلخانمۇ؟
ئېيتقىن قېنى ھېيىقماي،
ۋەدەڭ راستمۇ-يالغانمۇ؟

يېزىمىزغا كىلەمسەن؟
بىللە ئىشلەپ ئۆتەمسەن؟

مېھنەت قىلىپ يېگەن نان،
ناۋاتمىكەن، قەنمىكەن؟
مېھنەت بىلەن ئۆسىگەن،
ساغلام بەدەن تەنمىكەن؟

ئەمگەك شۇنداق ھالاۋەت،
كېلەر ئۇندىن سائادەت.

زوقۇڭ بولسا ئەمگەككە،
يارىم دەيمەن، چىللايمەن.
ئىش قوينىدا ئەمگەكتە،
بەختىم كۈلۈپ، يايرايمەن.

يوللىرىڭغا قارايمەن،
كەلسەڭ گۈلگە ئورايمەن.

1962-يىل 3-ئاي، قەشقەر.

## كاككۇك بالدۇر كەلسەڭچۇ

كاككۇك كەپتۇ ۋادىغا،
قىش قەرەلى تولدى، دەپ.
مەزگىل يەتتى، ۋاق توشتى،
ئەمدى باھار بولدى، دەپ.

ئەي كۆكلەمنىڭ ئەلچىسى،
بالدۇر سەپەر قىلساڭچۇ.
يورتىمىز باھارىنى،
ئۆز ۋاقتىدا كۆرسەڭچۇ.

چۈنكى بىزلەر ئىش بىلەن،
كۈتتۈپ ھەربىر ناھارنى؛
ياسىغانتۇق بورۇنلا،
يېزىمىزدا باھارنى.

1963-يىل 4-ئاي، قەشقەر.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# توي قىلىمىز كۆزدىن كېيىن

يارىم بىلەن ئىككىمىز،
بىر ئاخشىمى سۆزلەشكەن.
بولۇپ ئىشتا نەمۇنە،
توي قىلىشقا شەرتلەشكەن.

يارىم بوستان ياراتتى،
چۆلگە قىلغان سەپەردە.
مەنمۇ ئاتتىم ئۈزۈمنى،
مۇشكۇل بولسا قەيەردە.

توي قىلىمىز كۈزدىن كېيىن،
شەرتنى تولۇق تولدۇرۇپ.
ئېلىپ كۈزدە مول هوسۇل،
ئەلگە جاۋاب ياندۇرۇپ.

قايتارما:

توي قىلىمىز كۈزدىن كېيىن،
ئىشقا ئاشقان سۆزدىن كېيىن.

1963-يىل 8-ئاي، قەشقەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# مەيلىم مىنىڭ ئىشچانغا

(قىز ناخشىسى)

مەيلىم مىنىڭ ئىشچانغا،
ئىش قويندا پىشقانغا.
چىن مىھنەتنىڭ گۈلىنى،
چىكىسىگە قىسقانغا.

قايتارما:
ئىشقىم مىنىڭ ئىشچانغا،
ئىش قويندا پىشقانغا.

ئىش بىشىدا بار بولسا،
ئۇتتۇق، شەرەپ يار بولسا؛
غەيرىتىنىڭ ئالدىدا،
جاپا-مۈشكۈل كار بولسا؛

شۇ يىگىت مىنىڭ يارىم،
دىلىم تارتقان دىلدارىم.
جۈپتى بولسام بىر ئۆمۈر،
قالماس مەڭگۈ-ئارمانىم.

قايتارما:

شۇ يىگىت مىنىڭ يارىم،
يۈرىكىم-يۈرەك پارىم.

1963-يىل 10-ئاي، قەشقەر.

## تەنتەنە

(خور تېكستى)

چوڭ مەركىكە توي بۇگۈن، زېمىن كەلدى لەرزىگە،
چۆمدى بەختىيار شىنجاڭ خۇشاللىقنىڭ پەيزىگە.

تيانشان خۇش تەبەسسۇمدا، ئاقتى تارىم دولقۇنلۇق،
تەنتەنە، ئالقىش ساداسى چىقتى ھەر يان ئەۋجىگە.

ھالال مېھنەت ئەجرىدىن بىنا بولدى گۈلزارلىق،
چۆل-باياۋان تۈزدى رەڭ، كىرىپ جەننەت تەرزىگە.

يۈكسىلىشىنىڭ بايرىقى، لەپىلدەيدۇ نۇرانە،
تولدى مانا ھەممە ياق، زور ئوتتۇقا، غەلبىگە.

www.uyghurkitap.com

مىللەتلەر ئىجىل-ئىناق، ئارمىيە-خەلق ئىتتىپاق.
چىن دوستلۇقنىڭ تەرىپى سىغماس داستان-نەزمىگە.

چىن يۈرەكتىن زوقلىنىپ ئېيتىمىز ناخشا-غەزەل،
پارتىيىنى مەدھىيىلەپ، قوش توي-بايرام شەنىگە.

1975-يىل 10-ئاي، قەشقەر.

## ۋەتىنىم-ئىپتىخارىم

ۋەتەن دېسەم سۆيىنىدۇ قەلبىم-دىلىم،
ناخشا ئېيتسام تالماس ھەرگىز ئوتلۇق تىلىم.
تولدى پارلاق غەلبىگە، شانۇ-شەرەپكە،
سوتسىيالىزم يولى بىلەن گۈللەپ ئېلىم.

زەپەر قۇچتى ھەربىر قەدەم باسقانىدا،
ۋېيشىڭلىرى پەرۋاز ئەيلەر ئاسمانىدا.
باھار گۈلى ئاچتى چېچەك، چاچتى پۇراق،
سايرىشىدۇ شوخ بولبۇللار بوستانىدا.

پارتىيە نۇر چاچقان ئۇلۇغ ئالتۇن دىيار،
قۇچىقىڭدا ئۆسمەكتىمەن شاد بەختىيار.
ئانا ۋەتەن ساڭا سادىق قىزىل قەلبىم،
سېنى كۈيلەپ تا ئەبەدكە ناخشام ياڭرار.

1978-يىل 12-ئاي، قەشقەر.

# ئانا قەدرى

ئەگەر بىلسەڭ ئۇلۇغ شۇنچە،
ئانا قەدرى باھاسى يوق.
ئۇنىڭ ئەجرى ئۇلۇغ بىلسەڭ،
ئۇنىڭ تەڭداش، جوراسى يوق.

باتۇر كۈچى كېلەر نەدىن؟
ئالىم ئەقىل تاپار نەدىن؟
ئانا مېھرى ئەزىم دەريا،
تەمەننىاسى، تەماسى يوق.

ئۇنى ئاقلاش مېنىڭ پەرزىم،
ئانا ئالدىدا كۆپتۇر قەرزىم،
قايتۇرمىسام قەرزگە جاۋاب.
ئول ھاياتىنىڭ مەناسى يوق.

1979-يىل 3-ئاي، قەشقەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىشقەدەم ئادرېسى

# ھىجران ناخشىسى

I

تۇغقان يوقلىماق بولدۇم،
چەت ئەلدە قېرىنداشىم.
يەتتىم ئارزۇ ۋەسلىگە،
لېكىن كۆزدە لىق ياشىم.

يۇرتتىن ئايرىلا بولدۇم،
غەمگە مۇپتىلا بولدۇم.
كەتسەم يەنە كېلۇرمەن.
ئامان بولسا بۇ باشىم.

II

ئۇلۇغ ۋەتەن ئاق سۈت بېرىپ ئۆستۈردى مېنى،
پەرۋىشلىدى ئەتىۋارلاپ چوڭ قىلدى مېنى.
ساپ ھاۋاسى—كۈچ-مادارىم، توپىسى—تېنىم،
دەريالىرى—تومۇرۇمنىڭ يىلىكى، قېنى.

شول ۋەتەندە تاپتىم ھايات مەناسىنى مەن،
تاپتىم يەنە يۈرەك سۆيگەن رەناسىنى مەن.
دىلدا ۋىجدان بۇيرۇقىدەك توتىيا بىلىپ،
ئۇنتۇمايمەن شۇڭا ئەلنىڭ ۋاپاسىنى مەن.

1982-يىل 2-ئاي، قەشقەر.

## بەخت يولى

ئۇلۇغ، دانا سىياسەت،
باي بولۇشقا يول ئاچتى.
كەمبەغەللىك-نامراتلىق،
يۇرتىمىزدىن تېز قاچتى.

مېھنەت بولدى بىر شوتا،
چىقتۇق ئالتۇن تاغقا بىز.
تۇرمۇشىمىز پاراۋان،
كىردۇق جەننەت، باغقا بىز.

ماڭىمىز داغدام يول بىلەن،
قول سىلىپ كېلەچەككە.
ئانا ئەلنى ئورايمىز،
قىزىلگۈلگە-چېچەككە.

1982-يىل 11-ئاي، قەشقەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

# يەڭدۈق ئىغىر ئاپەتنى

(راۋاپ قوشىقى)

I

يەر تەۋرىدى زەمىندە①،
ئۇلۇغچاتتا②، ئوپالدا. ③
ئۇنىمىگىلىغان پۇقرالار،
قالدى قىيىن ئەھۋالدا!

ۋەيران بولدى ئۆي-جايلار،
قىش-زىمىستان ۋاقتىدا.
ئاش-ئوزۇق، كىگىز-كىچەك،
قالدى يەرنىڭ ئاستىدا.

يىغا-زارە، داد-پەرياد
بىر ئالدى تۈن-كىچىنى.
ئىچىنىشلىق مەنزىرە
قاپلىدى يۇرت ئىچىنى...

## II.

تۇنجى جەڭگە ئاتلاندى
هاكىم باشلىق كادىرلار.
قۇتۇلدۇردى ئاممىنى،
ھەممە ئىشقا قادىرلار.

ھال سوراش ئۆمەكلىرى
كېلىپ تۇردى بەس-بەستە.
ئا. جۇشى④، غوپۇر جۇشى⑤
ئۇچۇپ كەلدى بىر پەستە.

سۇڭ⑥ جۇشى كېلىپ كەتتى،
ت. ۋېيپوەنجاڭ⑦ كەينىدىن.
پارتىينىڭ مېھرىنى،
يەتكۈزۈپ چىن كۆڭلىدىن.

خالىس قوللار سۇنۇلدى،
ياردەم كەلدى لەببەلەپ.
مىللىي دوستلۇق گۈللىرى،
ھەر تەرەپتە چېچەكلەپ.

كولاپ بەردى ئارمىيە
ئىسسىققىنا گەمىنى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىچى ئادرېسى

چېدىر تىكتى، توك ياقتى،
ئىشلىتىپ دىت-پەمىنى.

كۆپلەپ كومۇر ئېۋەتتى،
دەل ۋاقتىدا ئاقسۇلۇق.
خوشنىلىقنى يەتكۈزدى،
رازى قىلىپ بەك تولۇق.

يۈزدىن ئارتۇق ماشىنا
ئۈرۈمچىدىن كەلگەندە؛
يۈسۈپ ئەيسا باش بولۇپ،
خەلققە سالام بەرگەندە؛

بوۋايلار ھەم مومايلار،
يېڭى كىيىم كەيگەندە؛
يۈك ئەدىيالغا ئورۇلۇپ،
ئىسسىق تاماق يېگەندە؛

ھاياجاندا ئاممىنىڭ
كۆزىگە ياش كېلىپ كەتتى!
"پارتىيىگە رەھمەت" دەپ
ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتتى! . . .

III

ئۇزۇن ئۆتمەي ھەرياندا
تۇرمۇش كەلدى ئەسلىگە.
ياردارلار ساقايدى،
يەتتى ئارزۇ-ۋەسلىگە.

دوختۇرخانا، مەكتەپلەر
ئۆز ئىشىنى باشلىدى.
غەيرەت بىلەن ھەممەيلەن
يېڭى قەدەم تاشلىدى.

چوڭ ئىرادە تىكلەندى،
يۇرتنى قايتا گۈللەشكە.
يېڭىپ ئاپەت-مۇشكۈلنى،
غەلىبىسىرى ئۆرلەشكە.

1985-يىل 9-ئاي، قەشقەر.

---

① زەمىن—قەشقەر كونىشەر ناھىيىسىنىڭ يەر تەۋرىگەن يېزىسى.
② ئۇلۇغچات—قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى ناھىيە.
③ ئوپال—قەشقەر كونىشەر ناھىيىسىنىڭ يەر تەۋرىگەن يېزىسى.
④ ئا. جۇشى—شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرۇشىت.
⑤ غۇيۇر جۇشى—شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئى-

سى غوپۇر ئابدۇللا.

⑥ سۇڭ شۇجى—شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ سابىق شۇجىسى سۇڭ خەنلياڭ.

⑦ ت. ۋېيىۋەنجاڭ—مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەت.

⑧ يۈسۈپ ئەيسا—شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ھازىرقى مۇئاۋىن رەئىسى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# يالداما

(قىز ناخشىسى)

ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈكنى،
سېلىپ قويدۇڭ قولۇمغا.
شۇندىن بۇيان قارايمەن،
سېنىڭ مەنزىل-يولۇڭغا.

بويۇڭ ئەجەپ زىبالىق،
ئالتۇندىنمۇ باھالىق.
چىدىمىدىم ئەمدى مەن،
جاندىن ئۆتتى تەنھالىق.

نەگە كەتتىڭ ئامرىقىم،
يالداماڭنى قالدۇرۇپ.
يۈرەكتىكى ئىشقىمنى،
گۈلخان كەبى ياندۇرۇپ.

يىگىت ئەمەس، ئەر ئەمەس،
ۋەدىسىدە تۇرمىسا.

گەر كەلمىسەڭ ۋاقتىدا،
ئال ئۇزۇكنى بولمىسا.

1995-يىل 5-ئاي، قەشقەر.

## بەختىم—ئانام

جان ئانا، جېنىم ئانا،
تومۇردىكى قېنىم ئانا.
شەپقىتىڭ، مېھرىڭ بىلەن،
ياشنىدىم گۈلدەك مانا.

رەھنىماسى سەن ئۆزۈڭ،
تاجى-دۆلەت، تەختىمنىڭ.
كاپالىتى—كېپىلى
تەلىيىمنىڭ، بەختىمنىڭ.

ئانا قەدرىگە يەتسەم مەن،
ئۆمرىدە-ھاياتىدا.
ھەسرەت-پىغان چەكمىسەم،
ماتەمى-ماماتىدا.

يۈرىكىمنىڭ قېتىدا،
ھۆرمىتىمنى ساقلايمەن.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۈمىدىڭنى، ئەي ئانا
ئورۇندايمەن، ئاقلايمەن.
نەقرات:

جان ئانا، جېنىم ئانا
بارلىقىم تەقدىم ساڭا.

1997-يىل 3-ئاي، قەشقەر.

## پۇلنى نەگە ئىشلەتتىڭ

ئىسلاھاتنىڭ دولقۇنى
ئېچىپ بەردى توغرا يول.
قىلدىڭ ئوقەت، تىجارەت،
تاپتىڭ تېزلا نۇرغۇن پۇل.

يا ئاناڭنى باقمىدىڭ،
يا بالاڭنى باقمىدىڭ؛
تاپشۇرمىدىڭ ئىئانە،
يا ئىمارەت سالمىدىڭ.

پۇلنى نەگە ئىشلەتتىڭ،
ھېچكىم بىلمەس سىرىڭنى.

بۇز ۇپ-چاچساڭ بولامدۇ،
مېھنەت ئەجرى-تېرىڭنى.

ئەقلىڭنى تاپ ئەي يىگىت،
پۇلنى ئىشلەت جايىغا.
ئۇلۇغ ئارزۇ-ئارمانلار،
يەتسۇن مۇراد-ۋايىغا.

1997-يىل 7-ئاي، ئۈرۈمچى.

## بەزىلەر...

(راۋاب قوشىقى)

بەزىلەرنىڭ ئىچىدە ئوۋغا-زەھەر قايناپدۇ،
گوياكى بىر چار يىلان پىلتىڭلايدۇ، ئوينايدۇ.
تىرناقچىلىك نەپ بولسا، بۇ توغرىدا گەپ بولسا،
دىلكەشىگە تىغ ئۇرۇپ، ئامان-ئېسەن قويمايدۇ.

بەزىلەر بار، ئىلمان سۇنى دەملەشكە ئۇستا،
ۋەزىيەتنى پايدىسىغا پەملەشكە ئۇستا.
تۆھپە بولسا چاچراپ چىقىپ، دەپتەرگە يېزىپ،
سەۋەنلىكنى ئۆزگە چاپلاپ، يەملەشكە ئۇستا.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى

مەنسەپ دېسە بەزىلەر پارقىرىتىپ كۆزىنى،
تەمە قىلىپ قول سۇنار داپتەك قىلىپ يۈزىنى.
خوجايىنى ئەگەردە ئۆستۈرمەن، دەپ قويسا،
كۈچۈكلىنىپ ئۇنىڭغا تەقدىم قىلار ئۆزىنى...

بەزىلەرنىڭ قىلمىشى بەكمۇ تولا دەپ كەلسەم،
ناخشا قىلىپ راۋابتا ئوقۇپ كەلسەم، چەپ كەلسەم.
خۇشال ئىدىم، شاد ئىدىم ئىبرەت ئالسا ئىشىدىن،
كەلگ ئاممىغا خۇشخەۋەر—يېڭى ئۇچۇر ئەپ كەلسەم.

1998-يىل 5-ئاي، قەشقەر.

## چول باتۇرى

ئەي تاشيولچى مەرد يىگىت،
ئىرادەڭگە قايىل مەن.
غەيرىتىڭگە ئاپىرىن،
يۈرىكىڭدىن مايىل مەن.

باتۇرانە جەڭ قىلىپ،
يۈتكىمۇەتتىڭ تاغنى سەن.
قېقىر سايدا، چۆللۈكتە،
بەرپا قىلىپ باغنى سەن.

سەن ياشىغان يوللاردا،
ماشىنىلار ئۇچىدۇ.
يېتىپ مەنزىلگاھىغا،
غەلبە-زەپەر قۇچىدۇ.

نەقىرات:

ئەي تاشيولچى، باتۇرسەن،
كارۋان بېشى، شاتۇرسەن.

1998-يىل 11-ئاي، يەكەن.

## ئاۋمىن ئەمدى ۋەتەن قوينىدا

ئاۋمىننى كۆرۈپ كېلەي،
سەيلە قىپ، تۇرۇپ كېلەي.
تۇپراقىنى— خاكىنى،
كۆزۈمگە سۈرۈپ كېلەي.

گۈزەل ئارال، ئاۋات جاي،
قايتتى ۋەتەن قوينىغا.
شۇ غەلىبىنى تەبرىكلەپ،
مۇنچاق ئاساي بوينىغا.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىدىئىس ئادرېسى

ئەمدى ئاۋمىن خەلقىنى،
ياتلار بوزەك ئېتەلمەس.
تەقدىرى بىر، رىشتى بىر،
تۇغقانلارنى بۆلەلمەس.

ئانا ۋەتەن باغرىدا،
ئاۋمىن راسا گۈللەيدۇ.
يۈكسىلىشنىڭ كۆكىدە،
پەرۋاز قىلىپ ئۆرلەيدۇ.

نەقرات:
ئاۋمىن راسا گۈللەيدۇ،
غەلبىسىرى ئۆرلەيدۇ.

1999-يىل 6-ئاي، قەشقەر.

## تاشيولچى مىنىڭ يارىم

مىنىڭ يارىم چۆللۈكتە،
گۈلزارلىقتا-گۈللۈكتە.
هارماي-تالماي ئىشلەيدۇ،
ئىناقلىقتا-ئۆملۈكتە.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىڭى ئادرېسى

دەيدۇ مېنى بەزىلەر:
”يارىڭ بەكمۇ يىراقتا.
قانداق چىداپ بولارسەن،
سۆيگۈ ئوتى-پىراقتا.“

ئەھدۇ—ۋەدىمىز مەھكەم،
ھىجران بىزنى سىنايدۇ.
بىلىنمەيدۇ يىراقلىق،
ئىرادىنى تاۋلايدۇ.

نەقرات:

تاشيولچى مېنىڭ يارىم،
يۈرىكىم-يۈرەك تارىم!

1999-يىل 7-ئاي، قەشقەر.

## پويىز كەلدى قەشقەرگە

پويىز كەلدى قەشقەرگە،
شەرەپ قۇچۇپ، شان قۇچۇپ.
قارشى ئالدۇق بىز ئۇنى،
بايراق تۇتۇپ، گۈل تۇتۇپ.

ئېزىز دىيار، ئانا يۇرت
تولدى بەخت نۇرىغا.
ئىگە بولدى يەنىمۇ،
يۈكسىلىشنىڭ يولىغا.

پۈيىز كەلدى قەشقەرگە،
ئوۋچاي بولدى سەپەرگە.
يىپەك يولى بويلىرى،
تولدى غەلىبە-زەپەرگە.

نەقىرات:
پويىز كەلدى قەشقەرگە،
تولدى ھەرياق زەپەرگە.

1999-يىل 12-ئاي، قەشقەر.

# رۇبائىيلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تارقىتىلىش ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

بەزىلەر ۋىجداننى تىل-تۇمار بىلەر،
ئەجرىنى مېھنەتتىن ئىشلەپ تېپىپ يەر.
بەزىلەر ۋىجداننى ئويۇنچۇق بىلىپ،
لازىمى كەلگەندە پۇلغا سېتىپ يەر.

*　　*　　*

دېدى بىرسى: كۈز بولسىدى داۋاملىق،
يەل-يېمىشلەر پىشىپ تۇرسا شېخىدا.
دېدى بىرسى: ئەگەر باھار بولمىسا،
ھاياتلىقتىن كەلمەس ھەتتا بىر سادا.

*　　*　　*

چىقسا بىرسى ئەمەل تۆرىگە،
ئالا بەس-بەس ئالىمىز تۆرگە.
بولغان چېغى تەختى سىڭايان،
تىرىك پېتى تىقىمىز گۆرگە.

*　　*　　*

سېمىز كالا سوغا كىردى،
ئورۇق كالا پېتىققا.
بوغداي نېنى ياغقا كىردى،
قوناق نېنى قېتىققا.

*　　*　　*

تۇيۇقسىزلا ئىت چىشلىدى، دېدىم: ”ۋاي!“
ۋايجانلىدىم ئاغرىقىغا چىدىماي.

www.uyghurkitap.com

تۇۋا دەيمەن قوي چىشلىدى بىر كۆنى،
ۋايسىمىدىم، بەلكى كۆلدۈم توختىماي.

*　　*　　*

خۇشامەتنى ياقتۇرغان ئادەم،
خۇشامەتچى كېلىدۇ ھەردەم.

*　　*　　*

دېدى بىرسى: كۆڭلى باھار كىشىنىڭ
ئىللىقلىقى ئەلنى ئىسسىتار، سوۋۇماس.
دېدى بىرسى: ھەسەتخورنىڭ دىلى قىش،
باھار ئاڭا يېقىن كەلمەس، يولىماس.

*　　*　　*

ۋارقىرايسەن (ئاۋازىڭ يامان)،
ئەل ئىچىدە ئاتالدىڭ "تەنتەك".
شالاقشىيدۇ يېرىم شىشە سۇ،
ئورۇق كالا مۆرەيدۇ بەكرەك.

*　　*　　*

ئېگىزلىتىلسە گەر تام قانچىلىك،
غالجىرلىشىدۇ ئىتمۇ شۇنچىلىك.

*　　*　　*

ياش چېغىڭ ئوخشار گويا باھارغا،
نۇر-قۇياشلىق كۆلۈپ تۇرغان ناھارغا.
ياشلىقىڭدا ھالال ئەجىر تۆكمىسەڭ،
كۆز كەلگەندە نېمە ئالىسەن تاغارغا؟!

*　　*　　*

بەزىلەر بار قىلچە جاپا چەكمەيدۇ،
خەلق ئۈچۈن بىر تال داننى ئەكمەيدۇ.
مەنسەپ دېسە، يورغىلايدۇ بېشچە،
تەختتىن چۈشسە، ئوچۇق گۆرغا سەكرەيدۇ.

*     *     *

ھەيران قالما چىقىۋالدى دەپ،
كۆز ھەرىسى بىكاردىن-بىكار.
ئەجەل يەتسە شۇدەم چايانغا،
زەھىرى تېشىپ، سىرتىغا چىقار.

*     *     *

باھار كەلسە قۇشلار كېلەر يىراقتىن،
كاككۇك سايرار ئىشقى ئوتى پىراقتىن.
مەن سايرايمەن ئەل-ۋەتەننىڭ غېمىدە،
شەربەت ئوتلاپ بەخت ئاتلىق بۇلاقتىن.

*     *     *

كۆڭلۈم قالدى مەززىسى يوق كۈلكىدىن،
مەنىسىنى سوراپ قالدىم تۈلكىدىن.
ئۇ، دېدىكى: كۈلۈمسىرەش ئارقىلىق،
قوزىچاقنى ئايرىيمەن تەن مۈلكىدىن؛
يەنە دېدى: شۇ ھۈنەرنى ئىشلىتىپ،
قۇتۇلىمەن ئوۋچىلارنىڭ ئىلكىدىن.

*     *     *

غالجىر ئىتمۇ بېسىقىغا چۈشۈپ دەم،
سۆڭەك بەرسەڭ توختار شۇنداق، ئى ئادەم.

ئىت مىجەزلىك ئادەملەرگە ئەگەردە،
لوق بەرسەڭمۇ قىلىقى شۇ هامانەم.

* * *

بەزىلەرنىڭ ئىچى بەكمۇ قوتۇر كېلىدۇ،
ئۇنداقلارنىڭ قىياپىتى پۇزۇر كېلىدۇ.
يەڭ ئىچىدە پۇتتۇرىدۇ قۇۋلۇق-شۇملۇقنى،
چاققانلىقى گوياكى بىر سۇغۇر كېلىدۇ.

* * *

هەيران قالما، تارتىۋالدى، دەپ،
مەن ياراتقان شانۇ-شەرەپنى.
ئوغ قول بىلەن قىزىلسا ئالتۇن،
سول قول تاقار زەرلىك سائەتنى.

* * *

باهار بولۇپ يەر-زېمىنغا نۇر چاچسام،
چۆل-سەهراغا يۇكسىلىشتىن يول ئاچسام.
ياش قەلبىمدە قىلچە ئارمان قالمايتتى،
هەر يۈرەككە باهار ئاتلىق گۈل چاچسام.

* * *

كۆلكىدە كۆلكە بار، مەناسى بولسا،
يا غەزەپ، يا خۇشلۇق مۇددىئاسى بولسا.
ئۆمۈر ئوزۇرايدۇ شادلىق ۋەجىدىن،
شۇ كۆلكە هېكمەتنىڭ ناۋاسى بولسا.

* * *

باشقىلارغا چىلىك قويىسەن تەلەپنى،
ماڭىساڭ، تۇرساڭ ئۆگىتىسەن ئەدەبنى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ۋە لېكىنزە كىم سۆزلىگۈتسا "ياق" دېمەي،
موك سوقىسەن ئالتۇن-كۈمۈش، سەدەپنى.

* * *

ساختىلىقتا بېرىپ قالدىڭ چېكىگە،
دەرسمۇ ئۆتتۈڭ شەيتان بىلەن تۈلكىگە.
ئەسلى ۋەسلىڭ شۇنداق تۇرسا، ھەيرانمەن،
نېمە ئانچە زورۇقىسەن كۈلكىگە.

* * *

تەمەننا قويما مۇلكۈڭگە،
جاھان ئۆتسىمۇ ئىلكىڭگە.

* * *

ھوقۇقىڭنىڭ بار ۋاقتىدا ۋارقىراپ،
يەردە ئەمەس، كۆكتە ماڭدىڭ غارقىراپ.
قېنى ساڭا سالام-سائەت، ئېھتىرام،
تەختتىن چۈشسەڭ، كىملەر قويدى بىر قاراپ؟!

* * *

ھارام دېگەن سىڭمەس ئىنسان تېنىغا،
ئاخىر بېرىپ زامىن بولۇر جېنىغا.
توۋا دەيمەن ھارام تۈگۈل، زەھەرمۇ
كار قىلمىدى ئۇنىڭ نەپسى-گېلىغا.

* * *

ئادەمنى ئازدۇرار بىھۇدە گۇمان،
شۇ گۇمان تۈپەيلى قاچىدۇ ئىمان.
قوياشنى ئىتەكتە ياپقىلى بولماس،
ھەقىقەت غالىپتۇر پىتىنىدىن ھامان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرىسى

*   *   *

بەختىم سەن، پەخرىم سەن ھەمدە غۇرۇرۇم،
قەلبىمنىڭ سۆيگىنى ئەي ئەزىز خەلقىم!
ھاياتىم، بارلىقىم سەن ئۈچۈن تەقدىم،
سېنىلا مەدھىيىلەپ چىقار تىنىقىم!

*   *   *

ھەسرىتىم — ۋەتەندىن تىرىك ئايرىلىش،
نەپرىتىم — خائىندىن ئىلتىپات كۈتۈش.
شادلىقىم — توغۇلغان تۇپراقتا يېتىش،
تىلىكىم — ئالەمدىن خەلقىم دەپ ئۆتۈش.

*   *   *

جەڭ قىلدۇق، ئوق ئىزى قالدى تېنىمدە،
ھەسەل تەمى بار يېگەن نېنىمدە.
ۋە لېكىن ئەجدادلار روھى ھامانە،
نۇر چېچىپ تۇرىدۇ يۈرەك-دىلىمدە.

*   *   *

توغۇلدۇڭ، چوڭ بولدۇڭ، ياشىدىڭ ئۇزاق،
ئۆتتى ھەم بېشىڭدىن كۆپ ئىسسىق-سوغاق.
بىلدىڭمۇ ھاياتنىڭ مەناسى نېمە؟
قويۇپ باق ئۆزۈڭگە شۇنداق بىر سوراق!

*   *   *

بىر يۈرەك قېتىدىن چىققان مېھرىنى،
ساداقەت ئۇلايدۇ باشقا يۈرەككە.
ۋاپاغا ۋاپادار بولمىغان ئىنسان،
نەپرەتنىڭ ئوتىدا كۆيەر ئەبەدكە.

* * *

ھاياتلىق گوياكى ئەلۋەك داستىخان،
رىسقىڭنى ئالسەن ئەجرىڭگە لايىق.
نېمىنى تېرىساڭ ئورىسەن شۇنى،
زۈۋۈلاڭ مېھنەتكە، تېرىڭگە لايىق.

* * *

ھۆرمەتلەپ دېدىڭىز: "سىز ئېزىز مېھمان"
مەن دېدىم جاۋابەن: "ياق، ياق، ئۆزىڭىز."
مېنى سىز، سىزنى مەن شۇنداق دېسەكمۇ،
ۋە لېكىن، ھاياتقا مېھمان ھەممىمىز.

* * *

سامانلىقنى تونۇيدۇ كالا،
ئىت چۈشەيدۇ ھەردەم ئۇستىخان.
مەھلىيادۇر شەپەرەڭ تۈنگە،
چىۋىن ئۇچار خالاغا ھامان.

* * *

شېئىرىڭنى كۆردۈم، گۆھەر تىزىپسەن،
ئېسىل خىسلەتكە مەدھى يېزىپسەن.
ۋە لېكىن قىلغىنىڭ نەزمەڭنىڭ ئەكسى،
ئۇنداقتا مەنىسىز سۈرەت سىزىپسەن.

* * *

بەزىلەر ئۆزۈلمەس كېچە ۋە كۈندۈز،
سەن دائىم تۆردە سەن (ئورنۇڭ شۇ ھامان).
بىل دوستۇم ھاياتتا ئېزىز مېھماندىن،
بولغىنىڭ ياخشىدۇر ئاددىي ساھىبخان.

www.uyghurkitap.com

*　　　*　　　*

بەزىلەر مېنى دەر: ”ئاچچىقى يامان“
ھەيرانمەن شۇ گەپكە، ھەيرانمەن ئەجەپ.
ياخشىدۇر ساختىپەز كۆلكىدىن ھەر چاغ،
ۋاقتىدا بىلدۈرگەن ھەققانىي غەزەپ.

*　　　*　　　*

ئۆنىڭ ئادىتىدۇر تەخسىكەشلىك،
ئايلىنىپ ئالار يېقىنىڭغا.
ئەگەر تەگمىسە قىلچىلىك نەپ.
خەنجەر تەڭلەيدۇ بېتىنىڭغا.

*　　　*　　　*

بەزىلەر ياشايدۇ ھالال ئەجرىدە،
ئەقلىدىن—زېھنىدىن تېپىپ يەپ ئاق نان.
بەزىلەر ئىتنىڭ كۆنىدە ئۆتەر،
ئار-نومۇس، ۋىجداننى سېتىپ ساقلاپ جان!

*　　　*　　　*

نان يېسەڭ ئوشتۇماي، چاينىماي يېمە،
شېرىنگە، ھەسەلگە مېلىمەي يېمە.
پىشانە تەرىڭ شۇ—نېنىڭنىڭ تەمى،
شۇ تەرسىز ئاغزىڭدا گىيا چىشلىمە

*　　　*　　　*

دەرياغا چۆككۆچى ئىزدەيدۇ ئامال،
ھەتتاكى، ئېسىلار ئۆچرىسا پاخال.
پاك تۇتۇپ قەلبىڭنى، قوندۇرمىساڭ كىر،
كىم قۇسۇر ئىزدىسە بولار ئۆزى لال.

* * *

ئالدىمدا تۇرسەن جۇپ قولۇڭ باغلاپ،
تىلىڭنى گوياكى ھەسەلدە ياغلاپ.
ۋە لېكىن دىلىڭدا قاينايدۇ زەھەر،
نەشتىرىڭ ئورماققا يۈرەكنى داغلاپ.

* * *

پەش قىلدىڭ: ”مەنسەپتىن تامايىم يوق“دەپ،
”جاپالىق ئىشلىدىم، ئارامىم يوق“ دەپ.
ئادايدۇ قورسىقىڭ ھەسەتتىن بىراق.
”گەر مەنسەپ بەرمىسە سالامىم يوق“ دەپ.

* * *

ھۈنىرىڭ سېنىڭكىدۇر چېقىمچىلىق،
شۇ يوسۇن قىلماقچىسەن يېقىنچىلىق.
لېكىن بۇ ئىناقلىقنىڭ يولى ئەمەس،
يول شۇكى—سەمىمىلىك ۋە راستچىللىق.

1980-يىل، قەشقەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مۇھەررىر: **قاھار پولات**
مەسئۇل مۇھەررىر: **مۇھەممەت ئىمىن**
مەسئۇل كوررېكتور: **نىجات ئېلاخۇن**
كىتاب ئىسمىنى يازغۇچى: **ياسىن مۇھەممەت**

## ئابلىز ئۆمەر

# ھايات ھېسلىرى

**نەشر قىلغۇچى ۋە تارقاتقۇچى:** مىللەتلەر نەشرىياتى
پوچتا نومۇرى: 100013، تېلېفون نومۇرى: 64290862-010
**نەشرىياتنىڭ ئادرېسى:** بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ.
**باسقۇچى:** دىشىن باسما زاۋۇتى
**ساتقۇچى:** جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
**نەشرى:** 2000-يىل 12-ئايدا 1-قېتىم
**بېسىلىشى:** 2000-يىل 12-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم
**ئۆلچىمى:** 850×1168مم 32 كەسلەم
**باسما تاۋىقى:** 7.375
**سانى:** 0001—3000
**باھاسى:** 8.80 يۈەن

◆责任编辑：伊明 ◆封面设计：刘家峰
DIANNAOZHIZUO: DIANXIANMIANGONGZUOSHI



ISBN 7-105-04158-7
9 787105 041589 >
ISBN 7-105-04158-7/I · 965
民文（维 180） 定价：8.80 元